مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك بەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE

MIRAS 美拉斯 MIRAS



# ميراس

1
2007

ISSN 1004-3829
02>
9 771004 382027

# «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر ئىلىدا فولكلور تەكشۈرۈشىدە



«مىراس» ژۇرنىلىدىكىلەر نەزەرغوجا ئابدۇسېمەد نىڭ مەقبەرىسى ئالدىدا



تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر مەتمىن ھۆشۇر، غەيرەت ئاسىم، ئاكىرجان، ئاسىمجانلار بىلەن بىللە



تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر نارات يولىدا



تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر سادىر پالۋان مەقبەرىسىدە



تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر ۋاڭ قادىر بېغىدا



تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر توققۇز تارا چاچى ساياھەت رايونىدا




قوش ئايلىق ژۇرنال 2007 ـ يىل 1 ـ سان

(ئومۇمىي 99 ـ سان)

## ھېكمەت خەزىنىسى

ئۇلۇغبېكنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۇلۇغبېك ئىسمىنىڭ خەيرلىك قويۇلۇشى ........ مەتقاسىم ئەكرەم تەرجىمىسى (1)

## ئادەت قېرىماس

«چاچ كېسىش» ئويۇنى ........ مۇھەممەد ئابلىز بۆرە يار (10)

جان بۆدۈنەم ئۇسسۇلى توغرىسىدا ...... ئابدۇخېلىل مىرخېلىل، ئەنۋەر ناسىرى (12)

ئاچچىق خېمىر ........ ئۆمەرجان سىدىق (36)

ئىلى مەشرىپى ........ ئابدۇساتتار ناسىرى (50)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

يەرشارىلىشىش ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى «مەدەنىيەت چوڭ دۆلىتى قۇرۇش» ھەققىدە قىياس ........ شۆھرەت مۇھەممەدى تەرجىمىسى (15)

ئۇيغۇرلاردىكى يېمەك ـ ئىچمەك پەرھىزلىرى ........ ئەنۋەر سەمەد قورغان (38)

ئۇيغۇرلاردا مىراس قالدۇرۇش ۋە تەقسىملەش ئادىتى ........ ئابدۇقەييۇم مىجىت (56)

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ قىممىتى ۋە ئۇنى قوغداش مەسىلىسى ........ ئوسمان ئىسمايىل تارىم (70)

## سۆز ئويۇنى

قەتلىگاھ ........ زەينەپ ئابىت ئاقيول (11)



باش مۇھەررىر:
**يۈسۈپ ئىسھاق**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**نۇرنىسا باقى**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**تۈزگۈچى:** «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
Fax: (0991) 4554015
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65－1130／I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004－3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E-mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 5.00 يۈەن
تاق ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

## بىزنىڭ ئۆرانىمىز ــ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت !
## بىزنىڭ قوغدايدىغىنىمىز ــ ئىلغار مىللىي مەدەنىيەت !

### ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

غەيرىي ماددىي مەدەنىي مىراسلارنى قانداق يىغىپ ساقلاش كېرەك.......... .........مەمتىمىن ھوشۇر تەرجىمىسى (68)

### كەچمىش - كەچۈرمىشلەر

كۆلكە داۋانلىرى..............................................ماخمۇت مۇھەممەد (61)

### شەيتان بەت

ھەجۋىي رەسىملەر ..............................................................(78)

بەت ئاستىدىكى ماقال - تەمسىللەرنى **ئابدۇخېلىل مىرخېلىل** تەمىنلىگەن.

## 主 要 目 录


乌鲁克伯克的出生与其名的吉祥化...... 买特卡斯木·艾克拉木 (1)
剪发游戏.................... 穆罕默德·阿不力孜托热亚尔 (10)
全球化背景下的"文化大国建设"设想... 肖合拉提·穆罕默德 翻译(15)
维吾尔族的饮食禁忌..................... 艾尼瓦尔·赛买提(38)
如合搜集合保护非物质文化遗产......... 买买提明·吾守尔译(68)
维吾尔族留传和分配遗产的习惯....... 阿不都克优木·米吉提(56)
维吾尔达斯坦(长诗)之价值及其保存问题 ... 吾斯曼·司马依塔里木(70)



Chief editor: Yusup Is'haq
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki


**«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى خادىملار يېڭى يىل ۋە قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن كونا، يېڭى ئاپتورلارغا، ئوقۇرمەنلەرگە قىزغىن سالام يوللايدۇ!**

**我们要抢救传统文化**

**我们要保护传统文化**

**我们要弘扬传统文化**


主编:
**玉素甫.依莎克**
副主编:
**穆合塔尔.穆罕默德**
责任编辑:
**努尔尼沙.巴克**

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联 14 层)
电话:(0991)4554017
传真:(0991)4554015
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I 国外统一刊号:ISSN1004—3829 邮政代号:58—60
**E-mail**: mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
广告许可证号:6500006000040
邮编:830001
定价:5.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: " Miras" (Heritages) editorial department
716# 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65-1130/I
Print number abroad: ISSN1004-3829
PostCode : 58 - 60
International Standard Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Fax: (0991) 4554015
Price: 5¥



# ئۇلۇغبېكنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۇلۇغبېك ئىسمىنىڭ خەيرلىك قويۇلۇشى

ھىجرىيە 795 ـ يىلى (مىلادىيە 1392 ـ يىلى) كۈزدە ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈر سەمەرقەندتىن ئايرىلىپ، ئىلگە-رى ـ ئاخىر بەش يىل داۋاملاشقان ھەربىي يۈرۈشنى باشلاپ مەغرىب تەرەپكە يۈزلەندى. شۇ يىلقى قىشنى ما-زەندىراندا ئۆتكۈزۈپ، كېيىنكى يىلى باش باھاردا پارس ئېلىگە كىرىپ، شۇ ۋاقىتتىكى مۇزەپپەرىلەر سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانلىقلىرىنى ئاغدۇرۇپ شاھ مەنسۇرنى ھۆكۈمرانلىق تەختىدىن بىكار قىلدى ۋە بۇ يەرنى ئۆز ئوغلى ئۆمەر شەيىخنىڭ ئىلكىگە قويدى.

ئۇزاققا قالماي قەزۋىن بىلەن سۇلتانىيە شەھەرلىرى ئېلىندى ۋە بۇ يەرلەر مىرزاشاھنىڭ ئىلكىگە بېرىلدى.

سۇلتانىيە ـ ئەزىز شەھەر، بۇ شەھەر قەدىمدە ئىلخانىيلەر سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاۋات شەھەرلىرىدىن بولۇپ تو-نۇلغان ئىككىنچى پايتەخت ھېسابلىناتتى. بۇ شەھەرنىڭ ئەۋزەل تەرىپى شۇكى، بەش كارۋان يولى بۇ يەرنى تۈگۈن قىلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن بۇ شەھەر يىللار ئۆتۈپ بېيىپ ۋە كېڭىيىپ مەمۇر يۇرتقا ئايلانغان. بازارلىرىدا ئىنسان جې-نىدىن باشقا ھەممە نەرسىلەر تېپىلىدۇ. شەھەر بىنالىرى كۆركەم ۋە ھەيۋەت، دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق مەدرىسەلەر، مەقبەرىلەر ۋە جەننەت مىسالىلىق باغلار بۇ جايدا بار. ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈر كۆپ قېتىم قونغان، ئارام ئالغان گۈزەل باغ—باغى چىناران (چىنارباغ) مانا مۇشۇ يەردە.

ۋاقىت ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ پىلانىدىكى دەملەرگە توشتى ۋە دەرھال بۇ يەردىن ئايرىلىپ مېڭىپ كەتتى. ئوغرۇقتىكىلەر، مەلىكىلەر ـ سارايمۇلۇك خانىم، تۆمەن ئاغا بېگىم، چولپان مۇلۇك ئاغا بېگىم، ئۇلارنىڭ كېلىنلىرى، نارەسىدە بالىلىرى مانا شۇ باغدا قالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شاھرۇخ مىرزىنىڭ خوتۇنى ـ ئاي كۈنى يېقىنلاشقان گەۋھەر شاد بېگىممۇ بار ئىدى.

ھىجرىيە 796 ـ يىلى، جۇمادىيەل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئون توققۇزىنچى كۈنى ـ مىلادىيە 1394 ـ يىلىنىڭ 22 ـ مارت كۈنى سەھەر، دەشتۇ ـ دالالار تەرىپىدىن كېلىۋاتقان مەيىن شامال تۈرلۈك ـ تۈرلۈك گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ ھىدىنى شەھەر تەرەپكە ئېلىپ باراتتى. بۈگۈن ئوغرۇق (قەسىرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى) قونغان باغى چىناراندا بايراملىق

كەيپىيات ھۆكۈم سۈرمەكتە. سەلتەنەتنىڭ مەھدى ئۇلياسى (سەلتەنەت ھىدايىتىنىڭ بۈيۈك قوغدىغۇچىسى) سارايمۇلۇك خانىمنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغمايتتى. مەلىكە جاھانگىر ئېرىنى سۆيۈندۈرىدىغان ئىش بولغاندىن كېيىن، سۆيۈنچە تىلەپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى مەرھەمەتلىك قولى بىلەن سىلىدى. نەچچە كۈنلەردىن بېرى ئاياغ ئۇچىدا دەسسەپ يۈرۈۋاتقان مۇلازىملار بۈگۈن چاققانلىق بىلەن يۈگۈرۈشۈپ خىزمەت قىلىشماقتا. بۈگۈن باغ ئەھلىنى قۇياش ئەمەس، تاڭ سۈكۈناتىنى بۇزۇپ ياڭرىغان كىچىك جان ئىگىسىنىڭ يىغىسى ئويغاتتى. بۇ چاغدا گەۋھەرشاد بېگىمنىڭ كۆزى يورىدى — ئوغۇل تۇغدى.

سارايمۇلۇك خانىم جاھانگىرنىڭ كۆپ پەرزەنتلىرى ۋە نەۋرىلىرىنىڭ تۇغۇلغىنىغا گۇۋاھ بولغان بولسىمۇ، لېكىن بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇشى مەلىكىگە ئۆزگىچە خۇشاللىق ئاتا قىلدى. چۈنكى، گۆدەكنىڭ ئاتىسى — شاھرۇخ مىرزا سارايمۇلۇك خانىمغا خۇددى ئۆزى تۇغقان ئوغلىدەك ئەزىز ئىدى. ئۇ تۇغۇلۇشى بىلەن مەلىكىنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرۇلغان. شۇڭا ئۇ پەرزەنتسىز بۇ مەلىكىنىڭ جان ۋە تېنىگە ئايلانغانىدى.

شاھرۇخ مىرزىنىڭ بۇ پەرزەنتىنىڭ تۇغۇلۇشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن مەلىكە شۇ سەۋەبتىنمۇ ئاخىر نازۇك كېلىنىنىڭ ھەممە باش ئاغرىق ۋە خاپىچىلىقلىرىنى دېگۈدەك سەزمەس بولۇۋېلىپ، ئۇنىڭ يۈكىدىن ئامان — ئېسەن قۇتۇلۇۋېلىشىنى ئويلاپ كېچە — كۈندۈز پەرۋانە بولدى. يېڭى مېھماننىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن شور سۇغا چۆمۈلدۈرۈپ، بەدىنىگە ياغ سۈرتتى. بۇ ئىشلارنى سارايمۇلۇك خانىمنىڭ ئۆزى بېجىردى. بىراۋلارغا ئىشەنمىدى. بوۋاققا ياتلارنىڭ قولى تېگىشتىن، يامان سۆز، يامان كۆزدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى. مەلىكە شۇ ئىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ، بەزىدە: «ۋاي قوزىچىقىم، ۋاي كۆزلىرى مۇنچىقىم»، دەپ سۆيۈنەتتى. بەزىدە ئۆزىنىڭ شادلىقىدىن قورقۇپ، ئارتۇقچە سۆيۈنۈش بەختسىزلىكنى باشلاپ كېلىدۇ، دېگەن ئەقىدىچە: «يامان بالام، بۇرنى پۇچۇق بالام، ئېغىزى قىيسىق بالام» دەپ قوياتتى. ئەمما بىرپەستىن كېيىن يەنە خۇشلۇقىغا بېرىلىپ: «بوۋىسىنىڭ يارىغى، بېبىسىنىڭ يورىقى!» دەپ كېتەتتى. «قىلىچ تۇتار قوللىرىڭ ئۇزۇن بولسۇن» دەپ قوللىرىنى، «يۈرگىنىڭدە تالچىقما!» دەپ پۇتلىرىنى ئاستا — ئاستا تارتىپ قوياتتى. قوللىرىنى سىلاپ: «تاۋۇتۇمنى كۆتۈرىدىغان جان بالام!» دەپ نىيەت قىلاتتى. بوۋاقنىڭ ھەمرىيىنى باغ چېتىدىكى دەرەخ ئاستىغا ئۆزى كۆمدى. كۆمۈۋېتىپ «تاشتەك بولسۇن، تۆمۈردەك بولسۇن. ئىتتەك چىشلەپ ياتسۇن...!» دەپ تىلەك تىلىدى. بوۋاقنى يۇيۇندۇرۇپ بولۇپ، ئايىئاق رەختكە بۆلەشتىن ئاۋۋال ئۇنى ئاق ۋە كۆك لاتا پارچىلىرى بىلەن سىلاپ: «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، مېنىڭ قولۇم ئەمەس، بۇۋى پاتىمەنىڭ، بۇۋى زۆھرەنىڭ قولى، ئۆمەي ئانا، قەمبەر ئانىنىڭ قولى، تاشتەك قىل، تۆمۈردەك قىل، ئىلاھىم، زالىم قىلما، ئالىم قىل!» دەپ ئېيتتى.

سارايمۇلۇك خانىم شانۇ — شەۋكەتلىك ئېرىنىڭ قۇلىقىغا بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈشكە ئالدىراپ كەتمىدى. «ئەۋۋەل چىللىسى (قىرىق كۈنى) توشسۇن!» دەپ ئويلىدى ئۇ. لېكىن مەلىكە يېڭى مېھمان ئۈچۈن ساھىبقىران ئالدىدا جاۋابكار ئىكەنلىكىنى ياخشى پەملەيتتى. بوۋاقنىڭ زەئىپ تۇغۇلغانلىقىنى كۆرگەن مەلىكىنىڭ كۆڭلىدىن نەچچە كۈنگىچە ۋەھىمە كەتمىدى. ئەمما ياش ۋە ساغلام بولغان ئىنىك ئانىنىڭ سۈتى، بىبىسىنىڭ مېھرىبانلىقى بىلەن بولدىمۇ، مېھمان بىرەر دەردكە دۇچار بولمىدى، توپتوغرا بىر ئاي ئۆتكەندە بوۋاقنىڭ كۆچكە تولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مەلىكە، ئەمىر تۆمۈرنىڭ ھۇزۇرىغا چاپار يوللىدى. بۇ چاغدا ئەمىر تۆمۈر قوشۇن بىلەن مابەينىل شەھرى (ئىككى دەريا ئارىلىقى) دىكى ماردىن شەھرىنى قامال قىلغانىدى. ئەمما ئېگىز تاغ ئۈستىگە جايلاشقان شەھەرنى قولغا كەلتۈرۈش كۈندىن كۈنگە سوزۇلۇپ كەتتى. قامالنىڭ ئۈچىنچى ئېيىمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى. قەلئەدىكىلەر بولسا تەسلىم بولۇشنى ئويلىماي جەڭ قىلىشنى داۋاملاشتۇراتتى. قىش تۈگەپ، باھار باشلاندى. ئەتراپلار ياپيېشىل بولۇپ بېزىنىپ كەتتى. باھارنىڭ كىرىشى بىلەن تەڭ ئىسسىق بولۇپ كەتتى، ھەر تەرەپتىن قىزىق ھارارەتلەر يېپىلماقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈن بويى قىزىپ كېتىۋاتقان يەرلەردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان، تاقەت قىلىپ بولمايدىغان قىزىق، بۇسلۇق ھاۋا قوشۇلاتتى. ئۆمرى بىنا بولۇپ ئەمىر تۆمۈر باھارنىڭ مۇنچىلىك ئىسسىق

كەلگىنىنى كۆرمىگەنىدى.

ساھىبقىران پارىس ئېلىدىن قوشۇن تارتىپ ياردەمگە كېلىۋاتقان ئۆمەر شەيخ مىرزىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتتى. ئەمما كۆڭلى قانداقتۇر بىر پالاكەتنى سەزگەندەك بىئارام بولاتتى. ئاشۇنداق ئارامسىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بىر يامان چۈش كۆردى.

چۈشىدە بۇنىڭدىن 18 يىل بۇرۇن تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتكەن بىرىنچى ئوغلى مۇھەممەد جاھانگىرنى كۆردى... بىردىنلا ئۇنىڭ يېنىدا ئۆمەر شەيخ پەيدا بولدى... ھەر ئىككى ئوغلى ئاق كىيىملەر بىلەن يەتتە، سەككىز ياش ۋاقتىلىرىدىكىدەك قىياپەتتە تۇراتتى.... ئۇ يىراقتا تۇرۇپ، نېمىلەرنىدۇر دەۋاتقان ئوغۇللىرى تەرىپىگە چېپىشقا باشلىدى. ئەمما يېتىپ بارغىچە ئوغۇللىرى ئاپئاق قۇشلارغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ ۋەھىمە ئارىلاش ئويغاندى ـ دە، كۆرۈۋاتقان چۈشلىرى نېمىلەرگە ئىشارەت ئىكەنلىكىنى سەزگەندەك، يۈرىكىدە قاتتىق بىر ئاغرىق پەيدا بولدى. بىر نەچچە كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەي ئاتلىق سەزگۈسى ئۇنى ئالدىمىغانلىقى مەلۇم بولدى. چوڭ ئوغلى مۇھەممەد جاھانگىرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن باش ئوغلى بولۇپ قالغان سۆيۈملۈك ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ھەرماتۇ قەلئەسىنىڭ يېنىدا ھالاك بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. ساھىبقىران بۇ مۇدھىش خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىچى ـ ئىچىدىن ئېزىلىپ يىغلىدى. ئەمما كۆز ياشلىرى ئىچىگە ئاقتى. بىراق، ئۇ دۈشمەن بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇرغان ئەمرلىرى ئالدىدا، تەسلىم بولۇشنى ئىزدىمەي جەڭ قىلىۋاتقان دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىدا كۆز ياشلىرىنى ئاشكارا قىلمىدى، چۈنكى ئۇ بوۋىلىرىنىڭ: «دۈشمىنىڭنىڭ ئالدىدا قان تۆكۈرمە!» دېگەنلىرىنى زادى ئۇنۇتمايتتى.

ئۇ كۈن بويى ھۆزۈرىغا بىركىمنى يولاتماي يالغۇز ئولتۇردى. بىر پەستە رەڭگىرويى قارىيىپ كەتكەندەك، كۆزلىرى چۆكۈپ كەتكەندەك، پۈتۈن مادارى ۋۇجۇدىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى.

چېدىرىنىڭ ئىشىكىغا ئارقىسىنى قىلىپ ئۆرۈلۈپ، يەرگە كۆز تىكىپ ئولتۇرغاندا پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭغا تامامەن يات ھالەتتە ئايان بولۇپ، كۆز ئالدىدىن دەھشەتلىك بىر مەنزىرە تەكرار ـ تەكرار ئۆتەتتى.

... ئۆمەر شەيخ ئىككى تەرىپىدە ئېگىز تاغلار يۈكسەلگەن تار بىر دارادىن ئۆتۈپ بارماقتا، ئوغلىنىڭ نەزەرى تاغ ئۈستىگە جايلاشقان قەلئەگە چۈشتى. شۇ كىچىككىنە قەلئەنى كۆرۈشۈڭ شەرتمىدى، ئۆمەر شەيخ؟! ئۇنى كۆرمەي ئۆتۈپ كەتسەڭ بولماسمىدى، ئۆمەر شەيخ؟!

ئەنە، ئوغلى ئېتىنىڭ تىزگىنىنى كەسكىن ھالدا تارتىپ توختاتتى ـ دە، يەرگە سەكرەپ چۈشتى. كېيىن قەلئەنى يېقىندىن كۆرۈش نىيىتىدە تاشتىن تاشقا سەكرەپ تۆپىگە ئۆرلىدى. ئەنە، قەلئە تاملىرى ئۈستىدە بىر شەپە پەيدا بولدى. ئەمىر تۆمۈر ئېنىق كۆردى، پاكار ۋە دىخماق كەلگەن بىر كۈردنىڭ بەشەرىسى، قاپقارا كۆزلىرى... سوغۇق بىر كىم ئىدى. ئۇ قانسىز لەۋلىرىنى قىسىپ، كىچىك كۆزلىرىنى قەلئەگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئادەمدىن ئۈزمەيتتى. قولىدا كامان، يۇڭ باسقان بارماقلىرى كامانىنى مەھكەم سىقىپ تۇراتتى.

ئەنە، ساھىبقىراننىڭ ئوغلى ھەيۋەتلىك قىيا تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ توختىدى. بىر مۇددەت قەلئەگە تىكىلدى. كېيىن تارداردىن دەريا كەبى ئېقىپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلىرىگە قارىتىپ قولىنى كۆتۈردى. قوشۇن توغانغا دۇچ كەلگەن دەريادەك ھەرىكەتتىن توختىدى، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، قورقۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان ئوغلى ـ كۆزىنىڭ قارىسى، يۈرىكىنىڭ پارىسى ئۆمەر شەيخ قىياتاش چېتىدە گۈللەپ تۇرغان دولانە دەرىخىگە يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ گۈللىرىنى ھىدلاشقا باشلىدى.

كۈرد بولسا پەستىكى ئادەمنىڭ قەلئەنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئەھدى قىلغانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئاستاغىنە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئارىلىقتىكى مۇساپىنى كۆز نەزەرى بىلەن ئۆلچىدى. ئۇنىڭ ئېقى دېگۈدەك بىلىنمەيدىغان كۆزلىرى پەستىكى ئادەمگە مەھكەم قادالدى. كېيىن كامانىنى كۆتۈرگەنچە قەلئە تېمىدىن ئاشۇرۇپ قارىغا ئالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلداپ ئۇرۇشقا باشلىدى. بۇ ئارامسىز دۈپۈلداشنى ئەمىر تۆمۈر ئىشىتكەندەك بولدى. ھېلىقى كۈرد پەستىكى ئادەمنى ئۇزاق نىشاندا تۇتتى. كېيىن ئۆزىدىن ئۆزى چۆچۈپ كامانىنى پەسكە چۈشۈردى، ئەمما قىياتاشتىكى ئادەم

گويا ئالىقاندا تۇرغان ئالمىدەك روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقتىن زوقلىنىپ قالدىمۇ، ياكى قۇلاي پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىكنى ئويلىدىمۇ، يەنە تام ئېشىپ كامانىنى توغرىلىدى. ئوق «ۋۇش...» قىلىپ ئۇچتى. ئەنە ئۆمەر شەيخنىڭ قولىقىغا تۇنۇش بىر ناۋۇش ئاڭلاندى. ئۇ يالت قىلىپ قەلئە تەرەپكە قارىدى، ئەمما شۇ لەھزىدە ۋۇشۇلداپ كەلگەن ئوق ئۇنىڭ چەپ قولتۇقىنىڭ ئاستىغا سانجىلدى. بىردىن پۈتۈن ۋۇجۇدى سۇس بولۇپ پەسكە ئېغىپ كەتتى، ئاستا قايرىلىپ ئېگىكىنى سىلىغانچە بىردەم چايقىلىپ تۇرۇپ قالدى. لېۋىدىن قان سىزىپ، خىرىلدىغان ئاۋازدا پەستىن تېزلىك بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان ئادەملەرنى ياردەمگە چاقىرغاندەك بولدى. كېيىن بىردىن يېنىدىكى قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئالدى ـ دە، قەلئە تەرەپكە ئوقدالدى. ئەمما پۈتۈن قۇۋۋىتى بۇ شىددەتكە سەرپ بولغاندەك، قىلىچى قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئېگىشىپ ئۇنى ئالماقچى بولدى ـ يۇ، يەنە پەسكە ئاغدى. تاش ئۈستىدە يېتىۋېتىپ زەئىپ بارماقلىرى بىلەن قىلىچىنىڭ دەستىنى تۇتتى. جان ھالەتتە تىرەجەپ تۇرماقچى بولدى. چېكىلىرىدىن قۇيۇلۇپ ئاققان تەردىن كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. يەنە ئۆمىلەپ، قىلىچىغا تايىنىپ، تىزلىنىپ تۇردى. لەۋلىرىدىن سىيرىلىپ چىقىۋاتقان قاننىڭ كۆكرىكىگە ۋە تاش ئۈستىگە تېمىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قىلىچ تۇتقان قوللىرى بوشىشىپ كەتتى ـ دە، «گۇس» قىلىپ يەرگە يىقىلدى... ماتەمزادە ئاتا بىردىن، خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، يىقىلغان ئوغلى تامان چېپىپ كېتىۋاتقاندەك سېزىمدا بولدى. ئۇ ئەلەمدىن چايقىلىپ ـ چايقىلىپ، ناۋۇش چىقارماي بوزلىدى. خىيالىدا بولسا ئۆزىنى ئايىغى يەرگە يېپىشىپ قالغاندەك، ئوغلىنىڭ قېشىغا ھېچ يېتىپ بولمايدىغاندەك، خۇددى بوشلۇقتا قېتىپ قالغاندەك سېزەتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇزلىغاندەك بىر ئەلپازدا يىقىلغان ئوغلى ئۈستىگە يېتىپ كەلدى. دۇنيا غايىب بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا پەقەت قانسىز بىر چىراي قالدى، ئاتا كۆزلىرىگە ئىشەنمەي چەكچەيدى ۋە يەردىن قانغا بويالغان ئوغلىنىڭ جەستىنى كۆتۈردى. كېيىن ئۇنى باغرىغا باسقانچە ئارقىسىغا تېز ئۆرۈلدى، شۇ چاغدا جان بېرىۋاتقان ئوغلىنىڭ كۆزلىرىدە سۆيۈملۈك خوتۇنى تۇركان ئولجاينى كۆرگەندەك بولدى، «ئوغلۇمنى ئاسراپ ئالالمىدىڭىزغۇ، بېگىم؟! سىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىم شۇمىدى، سۇلتانىم؟! دېگەندەك، مۇڭ بىلەن نالە قىلدى تۇركان ئولجاي. بۇ ئەلەملىك سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئىزتىراپتىن قۇلىقى ئاڭلىماس بولۇپ قالغان ئاتا قۇلىقى ئېچىلغاندەك بولدى ۋە دۇنيا شاۋقۇنغا تولدى. يۇمۇلغان كۆزلىرىمۇ ئېچىلدى ـ دە، كۆرگەن ۋەقەلىرىنىڭ چۈش ئىكەنلىكىنى بىلدى. تاشقىرىدا ماردىن ئۈچۈن بولۇۋاتقان جەڭگى ـ جىدەلنىڭ سۈرەنلىرى ئاڭلىناتتى. ئاتا شېھىت بولغان پەرزەنتىنىڭ جەستىنىڭ تېخى يىراقتا ئىكەنلىكىنى پەملىدى. لېكىن چۈشىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك، يەنە كۆزلىرىنى يۇمدى. ئەمىر تۆمۈر ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىنى غايىبتىن تەسەۋۋۇر قىلغانىدى. پەرزەنتىنىڭ كېيىنكى دەمدە ئاسمانغا ئارمان بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى. بۇ كۆزلىرىدە يىراقتىكى سەمەرقەند باغلىرى، كۆھەك چېچەكلىرى، سۇياب مەۋجلىرى، كېش تاغلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرغاندەك ئىدى. ساھىبقىران ئۆزىنى ئارتۇق تۇختتالمىدى. ھۆركىرەپ يىغلاپ تاشلىدى. كۆز ياشلىرى مۆلدۈرلەپ ئاقتى، ئىزتىراپ بىلەن ئاھ ئۇردى: «ئوغلۇم، ئۆمەرىم، جىگەرىم...!».

ئەتىسى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا چاقىرىلغان ئەركانى دەۋلەت ساھىبقىراننىڭ چاچلىرىنىڭ تامام ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈشتى، سادىق ئەمىرلەر ئۇنىڭغا ھەمدەردلىك بىلدۈرۈپ ئۆتتۇشتى. ھەممەيلەننىڭ بېشى ئېگىلگەنىدى. مەۋلانا ئابدۇلجەببار سەمەرقەندى شېھىت كەتكەن ئۆمەر شەيخ مىرزا روھىغا ئاتاپ قۇرئان تىلاۋەت قىلدى. پۈتۈن مۇراسىم داۋامىدا سۈكۈت ساقلىغان ئەمىر تۆمۈر ئەمىرلەرگە رۇخسەت بېرىش ئالدىدا قەتئىي ئاۋازدا بۇيرۇدى: «ماردىن بۈگۈندىن قالماي ئېلىنسۇن، تامام، بېرىڭلار!» ھەم ئەلەم، ھەم غەزەپ بىلەن ئېيتىلغان بۇ بۇيرۇقنى بىجىرىش ئىمكانسىز ئىكەنلىكىنى ھەممەيلەن، جۈملىدىن، ھۆكۈمدارنىڭ ئۆزىمۇ بىلەتتى.

قەلئەگە كۈن بويى تىرماشقان قوشۇن بەربىر ئۇنىڭ تاملىرىدىن ئېشىپ ئۆتەلمىدى. ئەتىسىمۇ شۇنداق كۈن بولدى. ئەمىر تۆمۈر ئادەتتىكىدەك شەھەر ئېتىكىدىكى تۆپىلىكتە تۇرۇپ جەڭ ئەھۋالىنى كۆزىتەتتى. تۆپىلىكتىن تۆت ئەتراپقىنە ئەمەس، ماردىن شەھىرى ئوتتۇرىسىدىكى قىياتاش ئۈستىدە يۈكسىلىپ تۇرغان ئەلباز قەلئەسىمۇ،

2007.1

دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان ھويلىلار، ئادەمسىز كوچىلار، شەھەر تاملىرىغا ھەر ئىككى تەرەپتىن مۇرۇمەلەختەك يې-
پىشقان سان ـ ساناقسىز ئادەملەر كۆزگە روشەن كۆرۈنەتتى. ساھىبقىران شەھەرگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان، رەھمەت-
لىك ئوغلى پارىستىن باشلاپ چىققان، ئەمما مەنزىلگە يولباشچىسىز يېتىپ كەلگەن قوشۇننىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن
چاڭ ـ توزاننىمۇ شۇ يەردە تۇرۇپ بىلىۋالدى. ئۇ ئاتالارنىڭ تۇياقلىرى، نەۋكەرلەرنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدىن كۆتۈ-
رۈلگەن چاڭ كۆككە ئۆرلەپ، كېيىن ئاستا ـ ئاستا مايسىلارغا، يېشىل ياپراقلارغا، قىزىپ كەتكەن تاشلارغا قونۇش-
لىرىنى بىر لەھزە كۆز ئالدىدا جانلاندۇردى ـ دە، يەنە شەھەر تەرەپكە بۇرۇلدى. بىر پەستىن كېيىن ساھىبقىران
پەسكە چۈشۈپ ئېتىغا مىندى. ئۇ ئاق تۇلپارنى جەنۇپ تەرەپكە باشلىدى، ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، ئۇزاقتىن كې-
لىۋاتقان قوشۇن باشتىن ـ ئاياغ كۆرۈنۈپ تۇرغان دۆڭلۈككە چىقتى. ئەمىر تۆمۈر ئارغىماقنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ،
بىپايان دالىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە، ئېدىرلارنى ئارىلاپ جاي تاللاپ بۆلۈنۈپ كېتىۋاتقان قوشۇننىڭ باش ۋە ئاخىرىغا
كۆز تاشلىدى. ئۇيقۇسىزلىق ۋە غەم ـ ھەسرەتنىڭ دەردىدىن كۆزلىرىگە قان تولغاندەك، رەڭگىرويى ئاقارغان،
چارچاشتىن ئاندا ـ ساندا شالاڭ قورۇقلىرى قويۇقلاشقان چېھرىسى كېيىنكى كۈنلەر ئىچىدە بىرىنچى قېتىم ئېچىلىشقا
باشلىدى. ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كېلىپ، ئۈچ كۈنلۈك ھاردۇق ۋە تەرەددۇت تۈگەپ قەلئەگە ھۇجۇم باشلاش
ئۈچۈن قوشۇنلار ئاخىرىغا كۆز يەتمەس سەپ بولۇپ تىزىلدى. قامالدىكىلەرمۇ ۋەھىمە ئىچىدە بۇ مەنزىرىلەرگە كۆز
تىكىپ تۇراتتى. ھەمدە كېيىنكى جەڭنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ساراسىمىگە چۈشۈشتى. پۈتۈن شەھەر تۆت
تەرىپىگە ئايلىنىپ تىزىلغان ئەسكەرلەر بىلەن قورشىۋېلىندى. ئەمىر تۆمۈر تېخى چېدىردا بولۇپ، ئەمىرلىرى،
پەرزەنتلىرى ۋە نەۋرىلىرىگە كېيىنكى ئىشلار توغرۇلۇق پەرمايىشلارنى بېرىش بىلەن بەند ئىدى. ئاشۇنداق تۇر-
غاندا ئۇنىڭغا سۇلتانىيە تەرەپتىن چاپار كەلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر بېرىشتى. ئۇستىۋېشىنى چاڭ ـ توزان باسقان
چاپار ـ ئالىي بەستىلىك نايمان يىگىتى يۈگۈرۈپ كىردى ۋە تىز چۆكۈپ تەزىم قىلدى. كېيىن بېشىنى كۆتۈرمەي
قولىدىكى ئورام قىلىپ يىپەك بوغقۇچ بىلەن باغلانغان مەكتۇپنى ئىككى قوللاپ بېشى ئۆزرە كۆتۈردى. پەرماند-
دارلاردىن بىرى مەكتۇپنى ئېلىپ ساھىبقىراننىڭ قولىغا تاپشۇردى، ئەمىر تۆمۈر يىپەك بوغقۇچ ئۈستىگە بېسىلغان
سارايمۈلۈك خانىمنىڭ مۆھۈرىنى تونۇدى. «ئىلاھىم، تىنچلىق، ئامانلىق بولسۇن!» دېگەن ئوي بىلەن مۆھۈرنى
بۇزۇپ يىپەك بوغقۇچنى يەشتى. كېيىن مەكتۇپنى يېيىپ ئۇنىڭغا كۆز تاشلىدى ـ دە، بىردىن چېھرىسى يورۇغاندەك
بولۇپ، كۆزلىرىدە خۇشاللىق جىمىرلىدى. سۆلەتلىك قامىتىنى تىكلەپ خىتاب قىلدى:

«ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!»

ھۇزۇرىدا ئولتۇرغانلار شاھنىڭ خۇشاللىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىش مەقسىتىدە ھاڭ ـ تاڭ بولۇشتى، ئەمىر تۆمۈر
تەختتىن ئارقىدىراق ئولتۇرغان ئوغۇل نەۋرىلىرى تەرەپكە قارىدى. كۆزى شاھرۇخ مىرزىغا چۈشۈشى بىلەن بېشىنى
ئىرغىتىپ ئۇنى يېنىغا چاقىردى. ئوغلىغا مەكتۇپنى بېرىپ: «ئوقۇڭ مىرزا!» دېدى. شاھرۇخ مىرزا مەكتۇپنى ئوقۇپ
بېشى تېخى قۇرۇمىغان كۆزلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ، باش كۆتۈرۈپ ئاتىسىغا قاراپ تۇردى. ئەمىر تۆمۈر ھې-
لىھەم بەقۇۋۋەت قولىنى ئوغلىنىڭ يەلكىسىگە قويۇپ: «پەرزەنتىڭگە مۇبارەك بولسۇن، ئوغلۇم!» دېدى. كېيىن
ئەتراپتىكىلەرگە خاتىرجەم كۆز تاشلىدى ۋە بۇ خۇشاللىقنىڭ سىرىنى ئاچتى: «ئاللا تائالانىڭ نىيىتى بىلەن پەخىرلىك
پەرزەنتىمىز شاھرۇخ مىرزا پەرزەنتلىك بولۇپتۇ، ئاللاغا شۈكۈرلەر بولسۇن!»

ھەر تەرەپتىن ئاللاغا مەدھىيە ـ سانالار بىلەن مۇبارەكلەر ياغدى. ساھىبقىران ئىشىك ئاغىسىغا قارىغاندى،
ئۇنىڭ ھەر بىر نەزەرىنى بىلەلەيدىغان قېرى بارلاس بىر پەستە سەرۇپا بىلەن بىر سىپەر ئالتۇن قويۇلغان لەئلىنى
كۆتۈرۈپ كىردى. سەلتەنەتنىڭ باش پەرماندارلىرىدىن بىرى ـ ئەمىر خۇدايداد سەرۇپانى ئېلىپ چاپارنىڭ يەلكە-
سىگە تاشلىدى، ئالتۇننى ئۈستىدىن چاچتى. تەڭگىلەرنى تېرىپ ئالغان چاپار قايتا ـ قايتا تەزىم قىلىپ، تېز
ئۆرۈلۈپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا شاھرۇخ مىرزىنىڭ زەۋقى جۇش ئۇرۇپ يېنىدىكى بىر سىقىم ئالتۇننى ئىشىك تەرەپكە
قارىتىپ چاچتى. شۇ ھاماندا بۇ قىلىقلىرىنىڭ ئاتىسىغا ياقمىغانلىقلىرىنى سېزىپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي، بېرىپ

ئورنىغا ئولتۇردى. ئەمىرزادىلەر تۆنجى ئوغۇل بىلەن ياش ئاتىنى قۇتلاشقا باشلاشتى. شاھرۇخ مىرزىنى يەنە خۇشاللىق ئىلكىگە ئالدى. يېڭى مېھمانىنىڭ شاراپىتى بىلەن ئەمىرلەرگىمۇ تارتۇقلار بېرىلدى. كېچىچە ماتەم كەيپىياتى ھۆكۈم سۈرگەن قارارگاھتا شادلىق ئورۇن ئالدى. شاھرۇخ مىرزا ئاتىسىدىن ئوغلىغا نام قويۇشنى سورىغۇسى كەلدى، ئەمما، نېمە دېيىشنى بىلمىدى، نىھايەت: «پەدەرى بۇزرۇكۋارىمدىن پەرزەنتىمگە دۇئا تىلەيمەن» دەپ گەپ باشلىدى، يەنە تىلى قاتتى. «ئوغلۇم ـ دېدى ئەمىر تۆمۈر، ـ سىزگە ئاللاتائالا پەرزەنت ئاتا قىلغان ئىكەن، شۇنىڭ ئۆزى ئۇلۇغ دۇئادۇر!» كېيىن ئوغلى ئۇنىڭدىن نېمىنى تىلەۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك سورىدى: «مىرزام، ئوغلىڭىزنىڭ ئىسمىنى نېمە دەپ قويۇرمىز» ئەتراپتىكىلەر بىردىن جىمىپ قېلىشتى. ساھىبقىران بىردەم ئويلاپ، شاھرۇخ مىرزىغا كۆز تىكىپ مەمنۇن تاۋۇش بىلەن ئېيتتى: «مۇشپىق ئاللا تائالاغا ھەمد بولسۇنكىم، پەرزەندى ئەرجۇمەندىنىڭ ئىسمىنى رەھمەتلىك ئاتىمىزنىڭ شەرىپىگە مۇھەممەد تەراغاي، دەپ قويدۇق، ئۇلھەم جايىن جەننەتتە بولغۇسى بوۋىڭىزدەك ئۇلۇغبېك بولسۇن!» تۆت تەرەپتىن: «ئۇلۇغبېك بولسۇن! ئامىن! ئۇلۇغبېك بولسۇن، ئامىن! ئاللاھۇ ئەكبەر!»، دېگەن خىتاپلار ياڭرىدى. نەۋرىسىنىڭ تەۋەللۇتى ماتەمزىدە بولغان بوۋىنىڭ غەزىپىنى پەسەيتتى، ماردىن ئۈستىگە باشلانماقچى بولغان ھۇجۇم توختىتىلدى. ئەمىر تۆمۈر ئاشۇ كۈنىلا ماردىن ئۈستىگە خەلقنىڭ مال ۋە جانىدىن كەچكەنلىكى، ىىراق، كۆپ نەۋكەرلەرنىڭ نابۇد بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان ئەمىر مەجىددىن ئىسانى ھاكىمىيەتتىن چەتنىتىپ، شەھەر ۋە ۋىلايەت ئىختىيارىنى ئەمىرنىڭ ئىنىسى بولغان سۇلتان سالىھقا ئۆتكۈزگەنلىكى ھەققىدە ئال تامغا (قىزىل تامغا)بېسىلغان يارلىق ماڭدۇردى، كۆپ ئۆتمەي شەھەر دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ، ئەمىر سۇلتان سالىھ باشلىق ئەكابىر ئەشرەپلەر تۇران سۇلتانىغا كېلىپ يۈكۈنۈشتى، ئۇلار ساھىبقىراننى يېڭى تۇغۇلغان مېھمان بىلەن قۇتلاپ، ماردىن خەلقى نامىدىن مۇبارەكلەشتى، شۇنىڭدىن كېيىن قوشۇن قونغان كۆز يەتمەس يالاڭلىقتا، قارارگاھتا سان ـ ساناقسىز قازانلار ئاستىغا ئوت يېقىلىپ، كاتتا توي ـ تاماشا باشلاندى، ماردىن ئاھالىسىمۇ قىرغىندىن قۇتۇلغىنىغا ئىشىنىپ، بۇ ئەمىنلىكنىڭ سەۋەبچىسى بولغان يېڭى مېھماننىڭ ئىسمىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمىدى. ھەربىر گۈلخان ئەتراپىدا، ھەربىر چېدىردا، ھەربىر مەيداندا مۇھەممەد تەراغاي شەرىپىگە تىلەكلەر ئېيتىلىپ، ساھىبقىراننىڭ تىلىدىن ئۇچقان نىيەت قايتا ـ قايتا ياڭرىدى: «ئىلاھىم، ئۇلۇغبېك بولسۇن! ئامىن! ئىلاھىم، ئۇلۇغبېك بولسۇن! ئامىن! ئاللاھۇ ئەكبەر!»... تەختى ئالدىدا تۇرغان ئەمىر تۆمۈر توساتتىن مەلىكە سارايمۇلۈك خانىمنىڭ مەكتۇپىنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. مەكتۇپنى ئېچىپ قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقتى ۋە كۆزى نەملەندى. ئەمما گېلىغا تىقىلىپ قالغان گەپلەرنى ئىچىگە يۇتتى. مەكتۇپقا بىنائەن مۇھەممەد تەراغاي جۇمادىل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 19 ـ كۈنى دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئويلاندى: ئەگەر بۇ ھەقىقەت بولسا،... ئەگەر مەكتۇپتە توغرا يېزىلغان بولسا، بىردىن ئەمىر تۆمۈرنىڭ نەپسى قىستىدى. ئاخىر، ئەينەن مانا شۇ ئاي، شۇ كۈندە كۆزىنىڭ قارىسى، ئۆمەر شەيخ ئۆلتۈرۈلگەنىدىغۇ...! بىر كۈننىڭ ئۆزىدە ئاللاتائالا ھەم پەرزەنتتىن جۇدا، ھەم نەۋرىنى ئاتا قىلغانلىقىنى بىلگەن ساھىبقىران بۇ كارامەتتىن ھەيرەتتە قالدى. نەھاتكى، قادىر ئىگەم بىر قولى بىلەن ئوغۇلدىن ئايرىغان، ئىككىنچى قولى بىلەن نەۋرە بەرگەن بولسا...!؟ تۆت ئەتراپتا داۋام ئېتىۋاتقان توي ـ تاماشانىڭ شاۋقۇنى ئەمىر تۆمۈرنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ چىقمايتتى. ئۇ چوڭقۇر ئويغا چۆمگەن، كۆزلىرى غەمكىنىدى. ئۇ بىردەمدىن كېيىن ئۆزىنى يىغىپ، ئۇلۇغ كارامەت ئىگىسى بولغان ئاللاتائالاغا يەنە بىر قېتىم شۈكرانىلەر ئېيتتى. كۆڭلىدە تېخى كۆرمىگەن كىچىك گۆدەكلىرىگە چوڭقۇر مېھىر مۇھەببەتنىڭ ئويغىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە نەۋرىسىنىڭ چېھرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئۇرۇندى، ئەمما كۆز ئالدىدا ئۆمەر شېيخنىڭ بالىلىق چېھرىسى كۆرۈندى، خالاس....

سۇلتانىيىدىكى ئىشلار ئەنە شۇنداق تېز ئۆتمەكتە، رەجەپ ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنىگە كەلگەندە بۇ ئەزىز مېھمانىنىڭ چىللىسى چىقتى. ئوغرۇق ئەھلى توي ـ تاماشالارغا ھازىرلاندى، چىللە (قىرىقى)نىڭ ئاخىرلىشىش سەدىقىسى ئۈچۈن 40 دانە كىچىك توقاچ نان ياقتۇردى ۋە ئۇلارنى ئەۋلىيالارغا، مۇقەددەس مازارلارغا تارقاتتى. سارايمۇلۈك

خانىم قايچا بىلەن كىندىكى چۈشكەن كۆنى باغلانغان قول ۋە پۇتىدىكى يىپلارنى كەستۈرۈپ: «بىسمىللاھىر-
رەھمانىررەھىم! ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن، رىسقىڭ فوزۇن بولسۇن! قەدىمىڭ قۇتلۇق بولسۇن، مەرتىۋەڭ ئۇلۇغ
بولسۇن!...» دەپ ياخشى نىيەتلەرنى قىلدى، مۇلازىملارنىڭ بىرى ئىسرىق تۇتاشتۇرۇپ، دائىرە قۇرۇپ ئولتۇ-
رۇشقان مەلىكىلەر، بېگىملەر، خانىملار ۋە ئۇلارنىڭ بېقىنلىرىغا تىقلىپ، مۇنچاق كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرغان
بالىلارنىڭ باشلىرى ئۇستىدىن ئايلاندۇرۇپ چىقتى، كېيىن يېڭى مېھمان بىلەن گەۋھەرشاد بېگىمنىڭ ئەتراپىنى بىر
نەچچە نۆۋەت ئايلاندى، ئۇرۇپ تۇرغان شامال ئىسرىقنىڭ ئىسنى ئايۋاندىن پۈتۈن باغقا تارقىتاتتى. ئوغرۇق ئانا
بېشى سارايمۇلۇك خانىمنىڭ باشچىلىقىدا بوۋاققا يېڭى لىباس كىيدۈردى. لىباسلار كىيدۈرۈلگەندىن كېيىن مەلىكە
يەنە ئېيتىم ئېيتتى: «كىيىم توزىسۇن، بالام ئۆسسۇن، كىيىمنىڭ ئۆمرى قىسقا، بالامنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن،
ياقىسى خەتلىك بولسۇن، بەدىنى ئەتلىك بولسۇن، ئېتىكى قۇتلۇق بولسۇن!» دەپ كىيىم كىيدۈرۈلدى، خۇددى
قونچاقتەك ياسالغان بوۋاقنى توپ ئېچىدىكى يېشى ئەڭ ئۇلۇغ ئايال ــ ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئىشىك ئاغىسىنىڭ خوتۇ-
نىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتى. بارلاس كەمپىر، دېگەن نام بىلەن داڭلىق، يېشى 70تىن ئۆتۈپ سەكسەننى قارالىغان
كەمپىر كۆرۈمانىگە (يوقلاش) ئېلىپ كەلگەن سەرۇپانى گۆدەكنىڭ ئۇستىگە ئاستا قويدى. ئاندىن بىر ــ ئىككى دانە
چىشى قالغان ئېغىزىنى ئېچىپ دۇئا ئېيتتى: «سەن قىرىق كۈنلۈك، مەن مىڭ يىللىق، سەندىن بالا ــ قازا يىراق
بولسۇن...!»

مەلىكىلەردىن تۆمەن ئاغا، چولپان مۇلۇك ئاغىلارمۇ يېڭى مېھمانغا قىممەت باھالىق رەختلەردىن تىكىلگەن
سەرۇپالارنى تارتۇق قىلدى. باشقا ئاياللارمۇ بىر ــ بىرىدىن قېلىشماي ئۆزىگە يارىشا سوۋغىلارنى تارتۇق قىلىشتى.
گەۋھەرشاد بېگىم ئەتىگەندىن كەچكىچە سوۋغىلارنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئاۋارە بولدى. پېشىن نامىزىدىن كېيىن
سارايمۇلۇك خانىم بوۋاقنى كۆتۈرۈپ، باغنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئەسكى تام تەرەپكە ماڭدى. بوۋاقنىڭ زەئىپرەك
تۇغۇلغانلىقىدىن تەشۋىشلەنگەن مەلىكە باغى چىنارانىنىڭ 40 يىللىق تېمىدا بىر تۆگلۈك ئاچتۇرۇپ، بالىنى ئۇنىڭدىن
ئۆتكۈزۈپ ئېلىشنى نىيەت قىلغانىدى. بۈگۈن شۇ نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. بالىنى تۆگلۈكتىن ئۆتكۈ-
زۈپ بولۇپ، بىر قولى بىلەن بوۋاقنى باغرىغا بېسىپ، ئىككىنچى قولى بىلەن مۇلازىم قىز كۆتۈرۈپ تۇرغان لەئىل
قاچىدىن بىر ئوچۇم بۇغداينى ئېلىپ: «قۇشلار يېسۇن دانىنى، دۇئا قىلسۇن شانىنى...» دەپ چاچتى، بىردەمدىن
كېيىن بۇ باغنى ماكان ئەتكەن قۇشلار ئۇچۇپ كېلىشىپ يەرگە قونۇشتى. ئوغرۇقتا بولۇۋاتقان شۇ ئىشلارنىڭ
ئۇستىگە دەل شۇ كۈنى ئەمىر تۆمۈر ھۇزۇرىدىن ياش مېھمانغا، گەۋھەرشاد بېگىم ۋە ئوغرۇقتىكى مەلىكىلەرگە
تەگدىشى يوق تارتۇقلار بىلەن بوۋاقنىڭ تاغىسى ــ ئەمىدىگىنە بۇرۇتلىرى خەت تارتىشقا باشلىغان مۇھەممەد سوفى
تارخان يېتىپ كەلدى. ئۇ سوۋغاتلار بىلەن بىرگە ئەمىر تۆمۈرنىڭ مەكتۇپىنى سارايمۇلۇك خانىمغا تاپشۇردى. سا-
ھىبقىران ئۆز مەكتۇپىدە تۇغۇلغان نەۋرىسىگە مۇھەممەد تاراغاي دەپ ئىسىم قويغانلىقىنى، ئاللادىن كېچە ــ كۈندۈز
ئۇنىڭغا ئامانلىق تىلەۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلغانىدى. مۇھەممەد سوفى تارخان، مۇھەممەد تەراغاي شەرىپىگە ئەمىر
ساھىبقىران بەرگەن توي ــ تاماشالار ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ، جاھانگىر بوۋىنىڭ تىلىدىن ئۇچقان نىيەت تۇپەيلى
پۇتۇن قوشۇن، ئامان قالغان ماردىن ئاھالىسىنىڭ يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بۇ خاسىيەتلىك مېھمانىنىڭ ئۆزلە-
رىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقلىرىغا خۇش بولۇشۇپ، ئۇنىڭغا «ئۇلۇغبېك» دەپ مەدھىيە ئېيتىۋاتقانلىقلىرىنى قايتا ــ
قايتا بايان قىلدى، «قوشۇن ئەھلى ئەمىر ساھىبقىران ھەزرەتلىرىنىڭ نىيەتلىرى بىلەن مۇھەممەد تەراغايغا ‹ئۇ-
لۇغبېك› دەپ لەقەم قويۇشتىلەر...» دەپ ھېكايىسىنى ئاياغلاشتۇردى كۆزلىرى گۈل ــ گۈل ياشنىغان مۇھەممەد
سوفى تارخان.

ساھىبقىرانىنىڭ نىيىتى، مۇھەممەد سوفى تارخانىنىڭ رىغبەتلىك ھېكايىسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بولدىمۇ، ئىشقىلىپ
ئاشۇ كۈندىن باشلاپ سارايمۇلۇك خانىم كىچىك مېھمانىنى «ئۇلۇغبېك» دەپ ئەركىلىتىشنى باشلىدى. بوۋاق ئۆس-

www.uyghurkitap.com



كەنسىرى باشقىلارمۇ ئۇنى «ئۇلۇغبېك» دەپ ئاتاپ كۆنۈپ كەتتى. گەۋھەرشاد بېگىممۇ «ئۇلۇغبېگىم، قۇتلۇق بېگىم» دەپ سۆيۈنىدىغان بولدى. ماردىن ئاھالىسىگە ئامانلىق ئېلان قىلغاندىن كېيىن ئەمىر تۆمۈر بۇ شەھەرنىڭ ئىشەنچىسىز بولغان ھاكىمى مەجىددىننى سۇلتانىيەگە تەقىبلەپ ئەۋەتىۋەتتى. «ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ، توختىماي قىر-غىنچىلىق قىلىشىۋاتقان ئۆلكىلەرنى تىنچلاندۇرۇش» پىلانى بويىچە ئەمىر تۆمۈر قوشۇنى ماردىندىن ئايرىلىپ، دىيارى بەكرىگە كىرىپ ئالاباغ دېگەن يەردە ئارام ئالدى. ئارامدىن كېيىن قوشۇننىڭ بىر قىسمى شەرقىي ئاناتول-يىنىڭ باشقا شەھەرلىرىگە قاراپ ماڭدى. ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئۆزى ئۇشكىلىسەگە كەلدى ۋە بۇ يەردە ئەرزىنجان ئە-مىرىنىڭ ئىتائىتىنى قوبۇل قىلدى. دەل مۇشۇ پەيتتە مىسىرنىڭ سۇلتانى بەرقۇقنىڭ ئۇ ئۆزى ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنى ئۆلتۈرگەنلىك خەۋىرنى ئاڭلىدى. بۇ مەشئۇم ۋەقەدىن كېيىن ئاگاھ بولغان ئەمىر تۆمۈر باغداد ئۇستىگە بېرىشقا قارار قىلدى ۋە شۇ چاغدا سۈۋەيش ھۆكۈمدارى قازى بۇرھانىددىن بىلەن سۇلتان بەرقۇق، ئوسمانلى ھۆكۈمدارى يىلدىرىم بايەزىدلەرنىڭ ئۆزىگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈشكەنلىكلىرىنى بىلدى. ئۇ ئۆزىگە قارشى ئىتتىپاقچىلارنىڭ ھۇجۇملىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەرزىنرۇمغا باستۇرۇپ باردى. بۇ يەردە ئۇ تېخىمۇ يامان بىر خەۋەرنى، يەنى، ئۇلارنىڭ يەنە ئالتۇن ئورداخانى توختامىش بىلەن ھەم ھەمكارلىق ئورناتقانلىقىنى، توختامىشنىڭ گۇرجىستان ئار-قىلىق ھۇجۇم ئېلىپ بارىدىغان ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدى.

توختامىشنىڭ تۇزكورلۇقى ھەققىدىكى خەۋەر ساھىبقىراننى چەكسىز غەزەپ ئىچىگە ئېلىپ كىردى (چۈنكى، توختامىشتىن ئىبارەت بۇ تۇزكور، بۆرە بالىسى، ئەمىر تۆمۈر ساھىبقىراننىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدىكى بەدەللىرى بىلەن، پەقەت ئەمىر تۆمۈرنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەنلا ئالتۇن ئوردىنىڭ تەختىگە مۇيەسسەر بولغان). ئۇ توختامىشقا بىر قەدەممۇ ئىمكان بەرمەسلىك نىيىتىدە شىددەت بىلەن بېرىپ گۇرجىستان بىلەن ئەرمەنىستاننى ئىشغال قىلدى. توختامىش بەخىرامان قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئالتۇن ئوردىدا تۇردى. ئەمىر تۆمۈر پەم- پاراسەت بىلەن ئاپەتنىڭ ئالدىدىن چىققاندىن كېيىن ۋەزىيەت ۋاقتىنچە توختىغان بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تاكتىكىلىق ئادىتى بويىچە قوشۇنغا ئاراملىق بېرىش ئۈچۈن كۆرە دەرياسىنىڭ بويىدىكى مەھمۇد ئاباد شەھرىگە يول ئالدى. مەھمۇد ئابادتا توختىغان ئەمىر تۆمۈر دۈشمەنلىرىگە تېخىمۇ ئاجايىپ قۇدرىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سۇلتانىيىدىكى ئوغرۇقنى بۇ جايغا كېلىشكە ئەمىر قىلدى. خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان ئوغرۇق ئەھلى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەردەبىل ۋە گەنجە شەھەرلىرى ئارقىلىق يول يۈرۈپ مەنزىلگە كەلدى. يولدا شاھرۇخ مىرزىنىڭ باشقا بىر خوتۇنىدىن يەنە بىر ئوغۇل تۇغۇلدى. ئوغرۇقنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقىنىدىن خۇشال بولۇۋاتقان ساھىبقىران ئالىلقاچان كاتتا توي بېرىشكە ھازىرلىق كۆرۈش ئۈچۈن پەرمان بەرگەنىدى. نەۋرىلەرنىڭ شەرىپىگە بېرىلىدىغان توي خەۋەرلىرى تۆت ئەتراپقا تاراپ كەتتى. نىھايەت ئوغرۇق مەنزىلگە يېتىپ كەلدى. سارايمۇلۇك خانىم باشلىق مەلىكىلەر ئۇلۇغبېك بىلەن شاھرۇخ مىرزىنىڭ تېخى ئىسىم قويۇلمىغان ئىككىنچى ئوغلىنى كۆتۈرۈپ كىرگەن چاغدا ئەمىر تۆمۈرنىڭ هاردۇق يەتكەن چېھرىسى ئېچىلىپ كەتتى. سارايمۇلۇك خانىم ئېرىنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن چاچلىرىنى كۆرۈپ يۈرىكىنىڭ زىرقىراپ ئاغرىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. كېيىن ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان ساھىبقىراننىڭ كۆزىدىكى شادلىقنى كۆ-رۈپ، يۈزىگە بىقىياس تەبەسسۇم يېيىلدى، «قايسىبىرلىرى مۇھەممەد تەراغايدۇر...؟» دېدى ئەمىر تۆمۈر، كېيىن ساق قولى بىلەن «توختاڭ، ئۆزۈم تاپاي...!» دېگەندەك ئىشارە قىلدى- دە، شۇ ئارىلىقتا ئىككى نەۋرىسىنى ئىككى قولىدا كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان سارايمۇلۇك خانىم قولىدىكى گۆدەكلەرنىڭ يۈزىگە تىكىلدى. ئەمىر تۆمۈر مەلىكىنىڭ ئوڭ قولىدىكى بالىنى قولىغا ئېلىپ: «مانا بىزنىڭ ئەزىزىمىز مۇھەممەد تەراغاي» دېدى. مەلىكە ئېرىگە قاراپ «تاپتىڭىز» دېگەندەك جىلمىيىپ قاراپ قويدى. ساھىبقىران قولىدىكى گۆدەككە تىكىلىپ، ئۇنىڭ چېھرىسىدە ئۆزىنىڭ تونۇش ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ ھەيرەتلىنەتتى. بالىنىڭ قاش- كۆزى ئاتىسىغا، لەۋلىرى ئانىسىغا، يۈزىنىڭ سوزۇنچاقلىقى بولسا بوۋىكالان- مۇھەممەد تەراغايغا ئوخشايتتى. «بىلىپ نام قويغـان ئـىـكـەنـمـەن!» دەپ

پەخىرلەندى ئىچىدە ساھىبقىران، ئەمما گۆدەكنىڭ كۆزىدىكى جىلۋىلىنىپ تۇرغان ئوت نەۋرىسىگە ئۆزىدىن ئۆتكەنلىكنى ئۇ بىلمەيتتى، «شارائىتلىك پەرزەنتىڭىزنى ئۇلۇغلاپ نىيەت قىلغانلىقىڭىزدىن تەسىرلەندۇق، ئۇنى نىيىتىڭىزنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۇلۇغبېك، دەپ چاقىرىشقا كۆنۈپ كەتتۇق» دېدى سارايمۇلۇك خانىم. «ياخشى نىيەت - يېرىم دۆلەت!» دېدى ئەمىر تۆمۈر «قالغان يېرىم دۆلەتنى ئۇنىڭغا ئۆزىڭىز بېرۈرسىز، تاكى بىز ياشانغاندا سۆيۈنچىمىز بولسۇن!» ئېرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇلۇغبېك مىرزىنىڭ تەربىيىسى ئۆزىگە تاپشۇرۇلغانلىقىنى پەملىگەن سارايمۇلۇك خانىم تەزىم قىلىپ: «باش ئۈستىگە، سۇلتانىم!» دېدى. قېينانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان گەۋھەرشاد بېگىم بىردەمگىچە ۋەھىمە ئىچىدە قالدى، ئەمما ئۇ ئېغىز ئېچىپ بىر نەرسە دېيەلمەيتتى، ئەلۋەتتە. ئەمىر تۆمۈر قەيەرگە يۈرۈش قىلمىسۇن خوتۇنلىرى ۋە نەۋرىلىرىنى بىرگە ئېلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كۆزلىگەن بىرىنچى مەقسىتى—نەۋرىلىرىنىڭ سۆڭەكلىرىنى جەڭلەردە، ئۇزاق ۋە مۇشەققەتلىك يوللاردا چېنىقتۇرۇش ئىدى. ئىككىنچى مەقسىتى بولسا، نەۋرىلىرى ئۆز ئانىلىرىنىڭ قول ئاستىدا تەربىيىلەنسە ئەركە ۋە تەنتەك بولۇپ چوڭ بولىدۇ، دېگەن ساۋاقتىن ئىبرەت ئېلىشتۇر. ئۇلارنى ئانىلىرىنىڭ ئارتۇقچە مېھىر - مۇھەببەتلىرىدىن ئاسرىمىغاندا، ئۇلار يارامسىز بولۇپ قالىدۇ. خۇددى ھەسەل ئارتۇق بولۇپ كەتسە زەھەر، مۇۋاپىق بولسا زۆرۈر. بۇنى ئۆتمۈشنىڭ بىلىمدانلىرى شۇنچە دانالىق بىلەن يەكۈنلەشكەن. «مېنىڭ پەرزەنتلىرىم ئەركە بولماسلىقى كېرەك، - دېدى ئەمىر تۆمۈر، - ئۇلار ئەركىلەيدىغان يەر - جەڭگاھ ۋە مەيدانلار بولسۇن، ئارغىماق بىلەن قىلىچ ئۇلارنىڭ جانجان دوستى، جەڭ ۋە مۇشەققەتلىك يوللار ئۇلارنىڭ ئۇستازىدۇر!» مانا شۇ نىيەتتە جاھانگىر نەۋرىلىرىنىڭ تەربىيىسىنى ئەقىللىق مەلىكىنىڭ زىممىسىگە يۈكلىگەنىدى. سارايمۇلۇك خانىم خان قىزى بولغاچقا ئۆسمۈر چاغلىرىدىن باشلاپ ھۆكۈمدارلىق ۋە باھادىرلىقتىن ساۋاق ئالغان. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ خاسىيەتلىك مەلىكە ساھىبقىراننىڭ يېنىدا داۋاملىق ھەمراھ ئىدى.

ساھىبقىران ئىككىنچى نەۋرىسىگە ئىبراھىم سۇلتان دەپ ئىسىم بەردى. ئاندىن مەلىكىلەر، كېلىنلەر ۋە نەۋرىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ بىر باشتىن ھەر بىرىنىڭ ھال - ئەھۋاللىرىنى سورۇشتۇردى. شاھرۇخ مىرزىنىڭ پەرزەنت كۆرگەن خوتۇنلىرىنى مۇبارەكلەپ ئۇلارغا مەرۋايىتلارنى تارتۇق قىلدى. نىھايەت سارايمۇلۇك خانىمدىن باشقا ھەممىسىگە جاۋاب بېرىلدى.

بايرام داۋام قىلىۋاتىدۇ، ئەمما ساھىبقىران ئۆز بىبىسى بىلەن ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا بولغان سۆھبەتلىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا. ساھىبقىران سارايمۇلۇك خانىمغا ماردىن، دىيارى بەكىر، گۇرجىستان ۋە ئەرمەنىستان جەڭلىرى ھەققىدە بايان قىلىپ بېرىپ، كۆڭلىنى بىئارام قىلىۋاتقان ئەھۋاللارنىمۇ مەلىكىنىڭ كۆڭلىگە سالدى. ساھىبقىران سۆھبەتنىڭ ئاخىرىنى يەنە نەۋرىلەرنىڭ ئۈستىگە يۆتكىدى. «گەۋھەرشاد بېگىم ئىنچىق بىر خوتۇن، - دېدى ساھىبقىران، - شول سەۋەبتىن ئۇلۇغبېك مىرزىنىڭ تەربىيىسىنى سىزگە ئىشەنچ قىلدۇق. ئەمما ئىبراھىم سۇلتاننىمۇ ئۆز پاناھىڭىزغا ئالسىڭىز يەنىمۇ ئەلا ئىش بولاتتى. بىراق، ئۇلار بالىلىقىدىن باشلاپ بۇرادەرلىكلىكنى بىلىپ ئۇلغايسۇن! بىر - بىرلىرىگە يات بولۇشۇپ قالمىسۇن، ھەر ئىككىسىنى تەڭ كۆرۈڭ، بىرلىرىگە ئارتۇقچە ئېيتقان بىر سۆزىڭىز ئەتىسى ئارىلىرىغا ئازارلىق سالمىسۇن. شۇنداق تەربىيە بېرىڭكى، ئۇلار سۆزلىرىڭىزنى قۇلاقلىرى بىلەن ئەمەس، يۈرەكلىرى بىلەن قوبۇل قىلسۇن...». ئۇلار يېرىم كېچىگىچە سۆھبەتلىشىپ چىقتى، ئەمىر تۆمۈر مەلىكىنى كۆزىتىپ تاشقىرىغا بىللە چىقتى ۋە خوتۇنى بىلەن خەيرلىشىپ ئارقىسىغا قايتىۋېتىپ كۆزى كۆكتە غۇژمەك بولۇپ ئويناۋاتقان يۇلتۇزلارغا چۈشتى - دە، توختاپ ئۇنىڭغا ئۇزاققىچە قاراپ قالدى.

خۇرشىد دەۋراننىڭ ئۆزبېكچە «ساھىبقىران نەۋرىسى» دېگەن كىتاب ئاساسىدا تەييارلاندى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **مەتقاسىم ئەكرەم**

ئاپتور: خوتەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى.

# چاچ كېسىش ئويۇنى

مۇھەممەد ئابلىز بۆرەيار



چاچ كېسىش ئويۇنى ئۇيغۇر قىز ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئەنئەنىۋى ئويۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇن نەچچە ئەسىرلىك تارىخقا ئىگە. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن بۇرۇن ئېتىقاد قىلغان شامان دىنى مەزگىلىدىن تارتىپلا مەۋجۇت ئىكەنلىكى شەك ـ شۈبھىسىز. شامان دىنى ئېتىقادىدا «ئوت»، «نۇر»، «كۈن»، «ئاي» قاتارلىقلار مۇقەددەس سانىلىدۇ. شۇ زاماندا ياشىغان ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرى كۆڭلىگە پۈككەن بۈيۈك ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئۆز ئېتىقادىدا مۇقەددەس سانالغان شەيئىلەرگە تىۋىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنغان. جۈملىدىن، ئۇلار يارىشىملىق ئۇزۇن چاچقا خۇشتار بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېرىشىشنىڭ تۈرلۈك يوللىرىنى ئىستىخىيىلىك ھالدا ئىزدىگەن، يەنى ياز كۈنلىرى ياغقان يامغۇردىن كېيىن ئاسماندا ھەسەن ـ ھۈسەن پەيدا بولغاندا چىچىنى ئۆينىڭ بوسۇغىسى (بۇنىڭدا ئادەم ئولتۇرۇشلۇق ئۆينىڭ بوسۇغىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، چۈنكى ئادەم ئولتۇرۇشلۇق ئۆينىڭ بوسۇغىسى ھەم پاكىز، ھەم مۇقەددەس ھېسابلىنىدۇ)غا قويۇپ، بىر قولىدا چاچنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىغا كىچىك ئايپالتىنى ئېلىپ چاچنىڭ كىچىككىنە قىسمىنى كەسكەن (باشقا نەرسىدە كەسسە دۇرۇس بولمايدۇ ھەم چاچ ئۆسمەيدۇ، دەپ قارىلىدۇ، چۈنكى «ئايپالتا» دېگەن ئىسمىدىكى «ئاي» سۆزى «ئاي»غا ئېتىقاد قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا «ئايپالتا» «ئاي كەبى پارلاق» دېگەن مەنىگە ئىگە، دېگەن قاراش بار). بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن، توم چاچلىق بولۇش ئارزۇسىغا غايىبانە ھالدا بولسىمۇ يېتىشنىڭ يولىنى ئىزدىگەن. ھەتتا كېيىنچە بۇ غايە رېئاللىققا ئايلانغان، شۇڭلاشقىمۇ بۇ ئويۇن ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە داۋاملىشىپ، ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس قالغان. چۈنكى چاچ كېسىشتىن مەقسەت ئۇنى يوق قىلىۋېتىش ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ ئۇزۇن ئۆستۈرۈش.

دېمەك، بۇگۈنكى «چاچ كېسىش»ئويۇنى ئەنە شۇ تارىختا ئۆتكەن ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ چاچ كېسىش ئادەتلىرىنىڭ داۋامىدۇر.

«چاچ كېسىش» ئويۇنى ئادەتتە ياز پەسلىدىكى يامغۇر ياغقان كۈنلىرى يامغۇر توختاپ ئاسماندا ھەسەن ـ ھۈسەن كۆرۈنگەن چاغلاردا (ئايرىم ھاللاردا ھەسەن ـ ھۈسەن كۆرۈنمىسىمۇ مەيلى، ئەمما يامغۇر ياغقان بولۇشى شەرت) قىزلار تەرىپىدىن ھويلا ـ ئاراملاردا ئوينىلىدۇ. چۈنكى بالىلارنىڭ چۈشەنچىسىدىمۇ ئۇنىڭ پەقەت ئۆينىڭ بوسۇغىسى ئەتراپىدىلا ئوينىلىدىغانلىقى ئېنىق.

بۇ ئويۇننى ئويناشتا، قىزلار يامغۇر يېغىشقا باشلىغان ھامان چاچلىرىنى پاكىز يۇيۇپ، تارغاق ـ سۈزگۈچ سىلىپ تاراپ، ئالدىن ئاز ـ تولا تەييارلىق كۆرۈۋالىدۇ. ئاندىن مەھەللىنى بىرلىك قىلىپ مەلۇم بىر قىزنىڭ ھويلىسىغا يىغىلىدۇ ـ دە، يامغۇرنىڭ توختىشىنى،

(ئاخىرى 11 ـ بەتتە)

# قەتلىگاھ

زەينەپ ئابىت ئاقيول

قەدىر ـ قىممەتلىك قوۋم ـ قېرىنداشلىرىم، قىزلىرىم قۇلىقىڭلاردا قېپقالسۇنكى، قىمار قانۇنغا قارشى قاپقارا قەبىھ قىلمىشتۇر، قىمارخانا قەتلىگاھتۇر.

قېرىنداشلىرىم، قىزلىرىم قاراڭلارچۇ، قىمارۋازنىڭ قىلىقلىرى قەۋەتلا قالتىسكەن. قاچانلا قارىسا قىلىقسىزلىقلارنى، قالايمىقانچىلىقلارنى، قەبىھلىكلەرنى قىلىۋېرىدىكەن. قىمار بىلەن قاتمۇقات قاتتىق قىيىنچىلىقلارغا، قەھەتچىلىكلەرگە، قىسىلىش ـ قېقىلىشلارغا قالغىنىغا قارىماي قىچىشقاققا قالغان قوتۇر قوتازدەك قىمىرلاپ قىمارخانىغىلا قاترايدىكەن. قىمارۋازلىقتەك قەبىھ قىلمىشتىن قارا قەلبى قىلچىمۇ قورۇنمايدىكەن. قوۋم ـ قېرىنداشلارنىڭ قاتارىدىن، قوللىشىدىن قالغىنىغا، قارغىش، قارشىلىقلارغا، قاش ـ قاپاقلىرىنى قىپقىزىل قانتۇۋېتىشلىرىغىمۇ، قىمارخانىدا قەتل قىلىنىشلارغىمۇ قادىركەنكى، قىمارغا قويغان قىڭغىر قەدىمىدىن قەتئىي قايتمايدىكەن. قەدىمكىلەرنىڭ قىسسە قىلمىشلىرىغا قارىساق، قىمارۋازلار قەدىم ـ قەدىمدىن قاتارىمىزغىچە قوق ـ قوقلاپ، قۇرۇق قومۇشتەك قورۇلۇپ، قاڭقىر قاقشاپ قاغجىراپ قەلەندەرلىكتىن قۇتۇلالمىغانىكەن. قەتئىيەتلىكتە قەسەم قىلىمەنكى، قىمارۋازلىق قالاقلىق، قاراڭغۇلۇق، قىمار قۇدرەت، قۇت قازىنىشنىڭ قاپتانى قالدۇ. قىمارۋاز قىماردەك قاتىلنىڭ قۇربانى. قىمارۋازنىڭ قاتىلى قولىدا. قەلبىدە، قوينىدا، قونجىدا، قېشىدا قاققان قوزۇقتەك قاداقلىق. قىزلىرىم، قارىچۇقلىرىم قىياس قىلدىڭلارمۇ، قىمارۋازنىڭ قىسمەتلىرى قانداقكەن؟ قورقۇنچلۇقمىكەن؟ قىزلىرىم قېيىپ قايمۇقۇپ قارا قورساق قىمارۋازلارغا قەلبىڭلار قەتئىي قوشۇلۇپ قالمىسۇن. قىمارۋازدىن قاباھەت، قاراقچىدىن قاچقاندەك قېچىڭلار.

قېرىنداشلار، قىمارۋازلار قىمارغا قويغان قىڭغىر قەدىمىدىن قايتىپ قاتارىمىزغا قوشۇلسا، قارشىلىق قىلمايمىز، قىزغىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيمىز. قايتمىسا قاتارىمىزدىن قومۇرۇپ، قوغلاپ قىغلارغا قېتىۋېتىمىز.

ئاپتور: قومۇل شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە

(بېشى 10 ـ بەتتە)

ھېچ بولمىغاندا بىر ئاز پەسلىشىنى كۈتكەچ «ياغاچ ئايپالتا» ياسايدۇ (قانچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئويناش پىلانلانغان بولسا شۇنچە ئايپالتا تەييارلىنىدۇ). ئۆزلىرى خالىغانچە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنگەندىن كېيىن، ئويۇن كۆرسىتىش نۆۋىتىنى تالىشىدۇ. ئويۇن باشلاش نۆۋىتىنى ئالغان قىز ئوڭ قولىدا «ئايپالتا»نى، سول قولىدا تال ـ تال ياكى بىر جۈپ ئۆرۈلگەن چېچىنىڭ ئۇچىدىن بىر ـ ئىككى سانتا كېلىدىغان قىسمىنى تۇتۇپ بوسۇغىغا ئېڭىشىدۇ. ئويۇن كۆرۈدىغان باشقا قىزلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ گويا بىر مۇقەددەس دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىۋاتقاندەك تەرىزدە دىققىتىنى يىغىپ جىمجىت تۇرىدۇ. ئويۇن كۆرسىتىدىغان قىز ئۆزىگە ئوڭ كەلگەن تەرەپنى ئاساس قىلغان ھالدا چېچىنى بوسۇغىغا ئوڭ ـ سول ياندىن قويۇپ، كۆڭلىدە «چېچىم تېز ئۆسسۇن، ئاۋۇسۇن، توم بولسۇن» دەپ، كەسكەندەك شەكىل پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل شەكىلدىكى ھەرىكەت يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە شۇ كۈنى ئويۇنغا قاتناشقان قىزلار تەرىپىدىن تەكرارلىنىدۇ. ھەممىسى بىر قېتىمدىن «كېسىپ» بولغاندىن كېيىن، كېسىلگەن «چاچ»لىرىنى ھويلا ۋە باغلاردىكى گۈللەرنىڭ تۈۋىگە كۆمۈۋېتىپ ئۆزئارا «چېچىڭ ئۇزۇن، كۆپ، ئاۋۇشلۇق، توم بولسۇن»دەپ تەكرارلىشىدۇ، چىرايلىرىغا كۈلكە يۈگۈرۈتۈپ شادلىنىدۇ.

«چاچ كېسىش» ئويۇنى ئۆزىنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدىكى تارىخىي قىممىتى ۋە مول رېئال ئەھمىيىتى بىلەن ئۇيغۇر قىز ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا تا بۈگۈنگىچە ساقلانماقتا. ئۇ، قىزلارغا ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ خاسلىقىنى تونۇش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ، ئۆز ۋۇجۇدىدا تەبىئىي مەۋجۇت گۈزەللىكنى تونۇتىدۇ، گۈزەللىك خەزىنىسىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى ھەدىيە قىلىدۇ. قىز ـ ئوغۇللارنى پەرقلەندۈرۈشتە چاچنىڭ ئوينايدىغان رولى ھەققىدە دەسلەپكى ساۋات بېرىدۇ.

ئاپتور: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا.

uyghurkitap.com

# «جان بۆدۇنەم» ئۇسسۇلى توغرىسىدا



«بۆدۇنەم» ئەسلىدە ياز كۈنلىرى بۇغدايلىق ۋە بېدىلىكلەردە ياشاپ، باللاپ، يېقىملىق سايراپ، يورغىلاپ ماڭىدىغان، قىسقا ئارىلىققا ئۇچۇش ئىقتىدارىغا ئىگە، توخۇنىڭ 10 ـ 15 كۈنلۈك چۆجىسىدەك چوڭلۇقتىكى ئۇچار قاناتلارنىڭ بىرىدۇر. ئەينى زاماندىكى ئەمگەكچى خەلق ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەتكە ۋە ئۇچار قاناتلارغا بولغان يېقىنلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «جان بۆدۇنەم» ئۇسسۇلىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ ئۆزلىرىدىكى ئەمگەك ھارغىنلىقى ۋە باشقا بىسىملارنى پەسەيتكەن بولۇشى مۇمكىن. «جان بۆدۇنەم» ئۇسسۇلى ئىنتايىن نەپىس ۋە چېۋەرلىك بىلەن ئىنسانلار دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان بۆدۇنەمنىڭ يورغىلاپ مېڭىش، جۇغى كىچىك بولۇش ۋە ناھايىتمۇ قورقۇنچاق بولۇش تەرەپلىرىنى يۇكسەك دەرىجىدە مۇبالىغە قىلىپ كۆپتۈرۈش ئارقىلىق كەڭ تۇرمۇش كارتىنىسىنى سىزىپ بەرگەن.

«جان بۆدۇنەم» ئۇسسۇلى كۆلكە ـ لاپنى ئۆزىگە خۇرۇچ قىلغان، يالغۇز كىشىلىك لەپەر شەكلىدە ئوينىلىدىغان يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتكە باي ئۇسسۇل بولۇپ، توي ـ تۆكۈن، مەشرەپ، ئولتۇرۇش، مەسلىھەت چاي، مول ھوسۇلدىن كېيىن ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىش قاتارلىق پائالىيەتلەردە ئوينىلىدۇ. بۇ ئۇسسۇلدا يۇمۇرىستىك خاراكتېردىكى كۈلكىلىك ۋە ئوبرازلىق ھەرىكەتلەرنى ئوينايدۇ. بۇ ئۇسسۇلدا ئاساسەن بۆدۇنەمنىڭ يورغىلاپ مېڭىش ھالىتى دورىلىپ، قىسمەن تاق قەدەم، پۇتنى كېرىپ مايماق دەسسەش، ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ يىقىلىش، تۈرلۈك چىراي ئىپادىلىرى ۋە قول ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق خىلمۇخىل خاراكتېرلەرنىڭ ئوبرازى جانلىق ئىپادىلىنىدۇ. «جان بۆدۇنەم» ئۇسسۇلى ئىلگىرى كەم تەرەپىدىن تارقالغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بىزنىڭ ئىگىلىشىمىزچە، «جان بۆدۇنەم» ئۇسسۇلى 1953 ـ يىلى توققۇزتارا ناھىيە بازىرىدا تۇرۇشلۇق ئەيسا مەزىن دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى ئىدرىس ئاكا توققۇزتارا ناھىيىسى تەشكىللىگەن بىر قېتىملىق ئويۇن كۆرسىتىش پائالىيىتىدە ئوينىغان ئىكەن. توققۇزتارا ناھىيە دۆڭمەھەللە يېزا مۇيۇنگۇزەر كەنت 7 ـ گۇرۇپپىسىدىكى ئارۇپ ھوشۇر دېگەن كىشى ‹ھېلىمۇ ھايات بولۇپ، بۇ يىل 74 ياشتا› ئىدرىس، ئەيسا ئاكىدىن ئۆگىنىپ، ياش ۋاقىتلىرىدا توي ـ تۆكۈن، مەشرەپ، نورۇز، 30 ئوغۇل يىغىلىشى قاتارلىق سورۇنلاردا ئويناپ ھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەن. «جان بۆدۇنەم» ئۇسسۇلىنىڭ ئۇسسۇل تېكىستى خەلق

ئاممىسى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان خەلق قوشاقلىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، سورۇن ئىشتىراكچىلىرى سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇپ بىرەر قەپەس ئويۇن بولۇنۇپ، سورۇن تازا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە ئۇسسۇلنى ئورۇنلىغۇچى تەكلىپ بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، ئۇسسۇل تېكىستىگە نەپىس ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر تەرەپتىن تې-كىستنى يادلاپ، بىر تەرەپتىن ھەرخىل قىلىقلارنى چىقىرىپ ئۇسسۇلنى ئوينايدۇ. ئۇسسۇل ئورۇنلىغۇچى ھەر بىر مىسرانى ئوقۇغاندا تۆۋەندە ئولتۇرغان سازچى ۋە سورۇن قاتناشقۇچىلىرى «جان بۆدۈنەم، جانىما بۆدۈنەم» دې-گەننى ئىزچىل تەكرارلاپ ئورۇنلىغۇچىغا ئىلھام، سورۇنغا يۇقىرى كەيپىيات ئاتا قىلىدۇ. مەزكۇر ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابلار ئاساسەن سوقما ساز تېپىدىكى دۇتار، تەمبۇر، داپ، راۋاب، چاڭ قاتارلىق مىللىي چالغۇ ئەسۋابلار بولۇپ، ئۇسسۇلنىڭ مۇزىكا جەزبىدارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش رولىنى ئوينىغان. ئورۇنلىغۇچى پۇتىغا ئۆتۈك، ئۇچىسىغا ئۇزۇن تون، كەڭ ئىشتان، بېشىغا ئالدى ـ كەينى يېرىق مالخاي، بېلىگە بىر ئۇچى كەشتە قىلىنغان قارا ياكى كۆك پوتا باغلىسا بولىدۇ. «جان بۆدۈنەم» ئۇسسۇلىنىڭ تېكىستىنى توپلاش ۋە رەتلەشتە توققۇزتارا ناھىيە دۆڭمەھەللە يېزا مۇيۇنگۈزەر كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئارۇپ ھوشۇر ئاكا (1932 ـ يىلى تۇغۇلغان. بۇ يىل 74 ياشتا، ئاۋۇت قادىر ئاكا، ئابابەكرى ئۆمەر ئاكا، ئەيسا مۇنىياز ئاكا، تۇراق مەنسۇر ئاكا، مىرخېلىل خوجا (دادام)، ئابدۇراخمان ئابدۇللا ئاكا، ئىمام ئۆمەر ئاكا، دۆڭمەھەللە يېزا دۆڭمەھەللە كەنتىدىن ھېيتاخۇن بوتۇك ئاكا قاتار-لىقلارنىڭ يادىدا قالغانلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلاندۇق.

## جان بۆدۈنەم

جان بۆدۈنەم، جانىم بۆدۈنەم،
بۇ بۆدۈنەمنى مىنمەك بولدۇم.
بۆدۈنەم، بۆدۈنەم كىم باتۇر،
جان بۆدۈنەم جانىم بۆدۈنەم.
ئەتلەس كۆرپىدە ياتۇر،
بۆدۈنەمنى مىنىپ چىقسام،
چىغ تۆۋىدىن توشقان چىقىپ،
بۆدۈنەم مېنى ئېتىپ ئۇردى،
جان بۆدۈنەم، جانىم بۆدۈنەم.
بىر ۋاقىتتا ئوڭدا ياتسام،
دوڭغاقلاپ دادام كەپتۇ،
جان بۆدۈنەم، جانىم بۆدۈنەم.
نېمە بولدۇڭ بالام دەيدۇ،
بۆدۈنەم ئېتىپ ئۇردى، دېدىم.
جان بۆدۈنەم، جانىم بۆدۈنەم.
بىر ۋاقىتتا ئوڭدا ياتسام،
مۆكچىيىپ ئانام كەپتۇ،
نېمە بولدۇڭ بالام، دەيدۇ،
جان بۆدۈنەم، جانىم بۆدۈنەم.
بۆدۈنەم ئېتىپ ئۇردى، دېدىم.
بىر ۋاقىتتا ئوڭدا ياتسام،
ناپىناقىشىپ خوتۇن كەپتۇ،
جان بۆدۈنەم، جانىما بۆدۈنەم.
سۈرمە تارتىپ قاشىغا،
تارغاق سالماي ساچىغا،
ياغلىق ئارتماي باشىغا،
جان بۆدۈنەم، جانىم بۆدۈنەم.
قىلىقلىرى غەلىتە،
ماس كەلمەيدۇ ياشىغا.
جان بۆدۈنەم، جانىم بۆدۈنەم.
نېمە بولدۇڭ ھوي، دەيدۇ،
بوپتۇ ياخشى خوي، دەيدۇ،
نەدىن كەلدى ئاچچىقىم،
ۋاللاقىشما خوتۇن، دېدىم.
جان بۆدۈنەم جانىم بۆدۈنەم.
چۈشۈپ قالساڭ قولۇمغا،
ئۇرۇپ چەيلەپ ماكچايتىپ،
جان بۆدۈنەم، جانىم بۆدۈنەم.
قىلۋېتىمەن ئوتۇن، دېدىم.
خوتۇن قاچتى چىرقىراپ،
يېتىۋەردىم خىرقىراپ.
جان بۆدۈنەم، جانىم بۆدۈنەم.
بۆدۈنەمدىن يىقىلىپ،
ئېسىم ئاۋۇپ كېتىپتۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جان بۆدۇنەم، جانىم بۆدۇنەم.
ئونبەش كۈن يېتىپتىمەن،
ساقايغاندا قارىسام،
بۆدۇنەم سەمرىپ كېتىپتۇ.
جان بۆدۇنەم، جانىم بۆدۇنەم.
تۆتكە كىرگەن بۇقىدەك،
تۇرالمايدۇ جايىدا،
جاڭگالدىكى بۇرغۇدەك.
جان بۆدۇنەم، جانىم بۆدۇنەم.
يەتكۈزۈپ باھاسىغا،
بۆدۇنەمنى ساتماق بولدۇم،
بازارغا تارتماق بولدۇم،
جان بۆدۇنەم، جانىم بۆدۇنەم.
يېتىپ كەلدى بىر بېدىك،
بۆدۇنەڭنى ساتامسەن، دەپ.
ئالتە تەڭگە، مەن دېدىم،
جان بۆدۇنەم، جانىم بۆدۇنەم.
يەتتە تەڭگە، سورىدى،
بۆدۇنەمنى ساتماس بولدۇم،
جان بۆدۇنەم، جانىم بۆدۇنەم.
ئېلىپ كەلدىم ئۆيۈمگە،
بۆدۇنەمنى سويماق بولدۇم،
ئالتە ئادەمگە تۇتقۇزدۇم،
يەتتە ئادەمگە باسقۇزدۇم،
توققۇز ئادەمگە سويغۇزدۇم.
جان بۆدۇنەم، جانىم بۆدۇنەم.
ئالتە پاتمان ياغ چىقتى،
يەتتە پاتمان چاۋىسى،
جان بۆدۇنەم، جانىم بۆدۇنەم.
بۆدۇنەم گۆشىدە مانتا ئەتتىم،
ھەر دانىسى مۇشتەك بار،
بىرنى يېسەڭ شۇك تۇرىسەن،
ئىككىنى يېسەڭ دۇمچىيىسەن،
ئۈچنى يېسەڭ تىك تۇرىسەن،
تۆتنى يېسەڭ ئۇھ دەيسەن،
بەشنى يېسەڭ سۇ دەيسەن.
جان بۆدۇنەم، جانىم بۆدۇنەم.
قىشتىن بىرى يەۋاتىمىز،
باردۇر يەنە تەك يامىسى.
جان بۆدۇنەم، جانىم بۆدۇنەم.
مەشرەپتىكى خالايىق،
مېھمان قىلاي سىلەرنى،
ئېسىپ يوغان داش قازان.
جان بۆدۇنەم، جانىم بۆدۇنەم.
بۆدۇنەمنىڭ گۆشىدە،
يامپاش، دۇمبە تۆشىدە.
ماڭغاچ تۇراي بالدۇرراق،
قولغا ئالاي قىڭغىراق،
جان بۆدۇنەم، جانىم بۆدۇنەم.
توغراپ تۇراي دۆشىدە.
سىزمۇ مېنى ساقلاتماي
بېرىڭ مېھمان، پەيتىدە.
جان بۆدۇنەم، جانىم بۆدۇنەم.

توپلىغۇچى: ئابدۇخېلىل مىرخېلىل، ئەنۋەر ناسىرى
ئادرېسى: توققۇزتارا ناھىيە دۆڭ مەھەللە يېزا مۆيۈنگۈزەر مەكتەپ

**ئاپتورلار سەمىگە:**

**ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەن ئاپتورلارنىڭ بۇندىن كېيىن قەلەم ھەققى ئەۋەتىشىمىزگە قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق تەپسىلىي ئادرېسى ۋە ئىسىم - فامىلىسىنى كىملىكىدىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تولۇق يېزىپ ئەۋەتىشىنى، شۇنداقلا ئەۋەتكەن ئەسىرىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۆزى ساقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەسەر قايتۇرۇلمايدۇ.**

**«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى**

# يەرشارلىشىش ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى
# «مەدەنىيەت چوڭ دۆلىتى قۇرۇش» ھەققىدە قىياس



ۋاڭ مىڭ

ئىنستىتۇتتىكى رەھبەرلەر مېنى «مەدەنىيەت چوڭ دۆلىتى قۇرۇش» ھەققىدە سۆزلەپ بەرسەڭ دەپ تۇرۇۋالدى، مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ خاتىرجەمسىزلەندىم. چۈنكى، مېنىڭ مىنىستىرلىك خىزمىتىدىن ئايرىلغىنىمغا خېلى ئۇزاق ۋاقىتلار بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ كەسپىم ئەدەبىيات. يېزىقچىلىق، مەدەنىيەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك تەتقىق قىلىش مېنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ ئەمەس.

ئىنستىتۇتتىكى رەھبەرلەر مەندىن بۇ ھەقتە بىر نەرسە دەپ بېرىشىمنى ئۆتۈنگەنىكەن. بىر قانچە يىل مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەپ بېرەي: بۇنىڭدىن سىرت مەن 1996 ـ يىلى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىدا «مەدەنىيەت چوڭ دۆلىتى قۇرۇش ھەققىدە تەكلىپ» بېرىپ، بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇم، ئاساسەن ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، دۆلەتنى پايدىلىق پىكىرلەر بىلەن تەمىنلەش، بىلىشىمچە بەزى رەھبىرىي يولداشلار مېنىڭ پىكرىمنى ئومۇمىي جەھەتتىن يەنىلا مۇئەييەنلەشتۈرىدىكەن.

بىراق، ئاشۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن «مەدەنىيەت دۆلىتى»نى قانداق قۇرۇش توغرىسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھاكىمە ئېلىپ بارالمىدىم. بەزى ئۆلكىلەر ئۆز ئۆلكىسىنى «مەدەنىيەت چوڭ ئۆلكىسى» ياكى «مەدەنىيەتتە كۈچلۈك ئۆلكە» قىلىپ قۇرۇپ چىقىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى، بەزىلىرىنى تېخى ئۆلكىلىك پارتكوم قارار قىلغان، مەن بىلىدىغانلاردىن جىياڭسۇ، جېجياڭ، خۇنەن، يۈننەن قاتارلىق ئۆلكىلەر بار. بۇ ئەڭ بولمىدى

uyghurkitap.com



دېگەندە، كىشىنىڭ ھەۋەسىنى قوزغىتىدىغان تېما ھېسابلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى كۇرستا مېنىڭ سۆزلىمەكچى بولغىنىم پەقەت ئۆزۈمنىڭ شەخسىي پىكرىم، يەنى پايدىلىنىش، ئىلھام بېرىش، تەپەككۇرنى جانلاندۇرۇش سۈپىتىدىكى گەپلەر بولۇپ، بۇلار تېخى ھازىرغا كەلگىچىلىك فاكىتېن، ئىستراتېگىيە بولۇپ شەكىللىنەلمىدى. بۇ تەرىپىنى چوقۇم ئەسكەرتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ.

يەر شارىلىشىش يۈزلىنىشى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ھالەتتە تېزلىشىپ كەتتى. سانائەتلىشىشكە ئەگىشىپ، بولۇپمۇ ئۇچۇرلىشىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يەر شارىلىشىش، ئۆلچەملىشىش ۋە سىپىرلىشىش بىر خىل ئېقىمغا ئايلاندى. سانائەتلىشىشنىڭ تەرەققىياتى ئۆلچەملىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ناھايىتى ئاددىي قائىدە. ئۆلچەملەشكەندىلا ئورتاق پايدىلانغىلى بولىدۇ، ئۆلچەملەشمىگەندە ئورتاق پايدىلانغىلى بولمايدۇ، ئىمپورت ـ ئېكسپورت بولمايدۇ ـ دە، سانائەت تەرەققىي تاپمايدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇچۇرلىشىش ئەمەلىيەتتە سىپىرلىشىشتۇر.

مەن مۇشۇ بىر قانچە يىل ئىچىدە بىر يېڭى سۆز ئۆگەندىم. بىز چەت ئەللىكلەر بىلەن پاراڭلاشقاندا ‹digital› دېگەن سۆزنى ئەڭ كۆپ ئىشلىتىمىز. ھازىر ھەممە نەرسە سىپىرلىشىپ كەتتى، سىپىرلىشىش بارلىق ئۇچۇرلارنى سىپىرلىق ئۇچۇرغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. يېقىندا مەن ئەمدىلا خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلغان پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىكنىڭ سابىق مىنىستىرى يولداش جۇلىلەن بىلەن كورېيىگە بېرىپ كەلدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن computerدېگەن مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىپ كۆردۈم. بۇنى بىزنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقتا «ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولسا، تەيۋەندە «ئېلېكترونلۇق مېڭە» دەپ ئالغان. مىنىستىر جۇلىلەن ماڭا چۈشەندۈرۈپ، «ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى» ( 电子计算机 ) دېيىشكە تېخىمۇ توغرا بولىدۇ، دېدى. چۈنكى سىز بۇنىڭ بىلەن مەيلى ئويۇن ئويناڭ، خەۋەرلىشىڭ، يېزىق ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرۇڭ ياكى ئۇچۇر ئەۋەتىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاۋاز دەمسىز، رەسىم دەمسىز ھەممە نەرسە بار. يېقىندا بىر كىچىك دوست ماڭا «شەرقىي شىماللىقلارنىڭ ھەممىسى ھايات لېي فېڭ» دېگەن بىر ئۇچۇر ئەۋەتىپتۇ. كومپيۇتېرنىڭ ئەسلىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەيلى سەزگۈ سىگنالى، ئاگاھ سىگنالى، يېزىق سىگنالى بولسۇن ھەممىسى سىپىر ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

بەزىدە مەن تولىمۇ قىزىقارلىق ھېس قىلىمەن. مۇنداق بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى: 1957 ـ يىلى، چىلك منجا ئىسىملىك بىر يازغۇچى بىر پارچە ماقالە يېزىپ، ئىلگىرى نۇرغۇن خۇسۇسىي ئوتتۇرا مەكتەپ، مۇجىلىك قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى، يۈۋجىڭ قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى، يۈخۇا ئوتتۇرا مەكتەپ دېگەنلەر بار ئىدى. ھازىر قوشۇۋەتكەندىن كېيىن ھەممىسىگە نومۇر سېلىپ، 101 ـ ئوتتۇرا، 35 ـ ئوتتۇرا، 36 ـ ئوتتۇرا، 37 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ دەيدىغان بولدى، دېگەنىدى. ھازىر ھەممە نېمىنىڭ نومۇرى بار. ھېلىقى پېشقەدەم يازغۇچى شۇنداق قىياس قىلغان: كۈنلەرنىڭ بىرىدە «كادىرلىق جەدۋىلى»نى تولدۇرغاندا، «ئىسىم فامىلىسى» دېگەن كاتەكچىنىڭ فامىلىسى دېگەن يەرگە 45 (بۇ نومۇر سىزنىڭ فامىلىڭىزنى كۆرسىتىدۇ)، ئىسمى دېگەنگە 3863، «يۇرتى» دېگەنگە 1 ـ ئۆلكە 2 ـ رايون 3 ـ كەنت 4 ـ يېزا 5 ـ بازار 6 ـ كوچا 7 ـ ئىشىك 8 ـ قورۇ، «ئوقۇش تارىخى» دېگەنگە 103 ـ باشلانغۇچتا ئالتە يىل، 204 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە × × يىل ئوقۇغان، ئاندىن 308 ـ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ 4 ـ فاكۇلتېت × × بۆلۈمدە يەنە مۇنچە يىل ئوقۇغان، «خىزمەت تارىخى» دېگەنگە 1 ـ نازارەت 2 ـ ئىشخانا 3 ـ بۆلۈم 5 ـ قەۋەتتە خىزمەت قىلىدۇ، دەپ تولدۇرىمىز دېگەن مەزمۇندا بىر پارچە ماقالە يازغان. كېيىن بۇ پېشقەدەم يازغۇچىنىڭ بۇ ماقالىسى قاتتىق تەنقىدكە ئۇچراپ، بۇ ماقالە سوتسىيالىزمغا ھۇجۇم قىلغانلىق، ئۇ بۇ ماقالە ئارقىلىق ھەممىنى سىپىرلاشتۇرماقچى، ھەممىگە نومۇر سالماقچى دەپ قارالغان. كېيىن ئۇنىڭغا «ئوڭچىل» قالپىقى كىيدۈرگەن ـ كىيدۈرمىگەنلىكتىن خەۋەر ئالالمىدىم.

1998 ـ يىلى مەن ئامېرىكىغا بېرىپ، خېلى بىر مەزگىل تۇردۇم. بىر كۈنى بىر ئۇنىۋېرسىتېت تەكلىپ ئەۋەتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىتالىيىنىڭ ئامېرىكىدا ئاچقان سىپىرلاشقان مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم. مەن ئۇ يەرگە بېرىپ تۇيۇقسىز شۇنى سەزدىمكى، ئەينى يىلى بىزنىڭ ھېلىقى «ئوڭچىل» ئاتالغان پېشقەدەم يازغۇچىمىز قىياس قىلغان سىپىرلاشقان جەمئىيەتنى بىز ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان

بىلەن ئامېرىكا ئەمەلگە ئاشۇرۇپتۇ. سىز ئامېرىكىدا يېرىم يىللا تۇرسىڭىز، شۇنى بايقايسىزكى، ئۇ سىزدىن بىر قاتار سىپىرلارنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ يەردە ھەممە نېمە سىپىر ئارقىلىق بېجىرىلىدۇ. سىز ئامېرىكىنى ھەرگىز ناھايىتى ئەركىن بىر دۆلەت دەپ ئويلاپ قالماڭ. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئەركىن تەرەپلىرى بار، ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ سىزنى مۇتلەق كونترول قىلىپ تۇرىدۇ، يەنى سىزنى سىپىر ئارقىلىق كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. سىزنىڭ ئون كارتىڭىز (كىملىكىڭىز) سىپىرلىق، سىز ماشىنا ھەيدىمەكچى بولسىڭىز licence، بۇمۇ بىر قاتار سىپىر. ھەرقانداق بىر ئامېرىكىلىقتا بىر قاتار جەمئىيەت ئامانلىق نومۇرى بولىدىكەن. ئەڭ مۇھىمى سىزنىڭ بارلىق كىرىم - چىقىمىڭىز، يەنى نەچچە پۇل تاپقانلىقىڭىز، نەچچە پۇل خەجلىگەنلىكىڭىز، قەيەردىن نېمىلەرنى سېتىۋالغانلىقلىرىڭىزنى ئۇلار ساقلاپ قويىمەن دېسە، 20 يىلدىن كېيىنمۇ تەكشۈرۈپ تاپالايدىكەنسىز. داۋالىنىش سۇغۇرتىسىمۇ سىپىر بىلەن بولىدىكەن. بانكا تېخىمۇ شۇنداق. قىسقىسى، ھەر بىر ئادەمنى سىپىر ئوراپلا تۇرىدىكەن. ئامېرىكىلىقلارغا نىسبەتەن، بارلىق ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش، تېلېفون، فاكس، كومپيۇتېر قاتارلىقلاردا سىپىر ئەڭ چوڭ رول ئوينايدىكەن. مەن يەنە تۇيۇقسىز، جۇڭگونىڭ 50 - يىللىرىدا ھېلىقى پېشقەدەم «ئوڭچىل» يازغۇچى قىياس قىلغان يۈكسەك سىپىرلاشقان مەنزىرىلەر ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى پەن - تېخنىكىسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئېشىپتۇ، دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل سىپىرلىشىش يەر شارى خاراكتېرلىك بىرلىككە كەلگەن.

بىراق بىز ياندۇرۇپ قارايدىغان بولساق، دۇنيانىڭ يەرشارىلىشىشقا قارىتا قوللانغان تەنقىدىي پوزىتسىيەسىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىمىز. ئېھتىمال ھازىر بىز بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. شەخسەن مەنمۇ چۈشىنىپ يېتەلمەيمەن. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ سىياتىل شەھىرىدە دۇنيا سودا تەشكىلاتى يىغىنى ئېچىلغاندا، ئادەم تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە نامايىش قىلىش، توپىلاڭ چىقىرىش، ۋەقە سادىر قىلىش ئىشلىرى يۈز بەردى. كېيىن ياۋروپا، ئەنگلىيىگە بارغىنىمدىمۇ ئۇ يەردىمۇ شۇ يىغىن ئېچىلىۋېدى، يەنە شۇنداق چوڭ ۋەقەلەر يۈز بەردى. قەيەردە يىغىن ئېچىلسا، شۇ يەردە چاتاق چىقىرىدىكەن. بىراق مېنىڭچە، شاڭخەيدە ئېچىلغان بولسا چاتاق چىقمايتتى.

يەر شارىلىشىشقا قارشى تۇرۇش، يەر شارىلىشىشنى تەنقىدلەش، ئاساسەن مۇنداق بىر نەچچە تۈرلۈك سەۋەب بىلەن بولۇۋاتىدۇ:

بىرىنچىدىن، يەر شارىلىشىش ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىكى. يەر شارىلىشىش ئاساسەن كىمنىڭ دېگىنى ھېساب بولىدىغان ئىشمۇ؟ فرانسىيەنىڭ دېگىنى ھېسابمۇ؟ تايلاند ياكى نېپالنىڭ دېگىنى ھېسابمۇ؟ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ دېگىنى ھېساب ئەمەس. يەنىلا ئامېرىكىنىڭ دېگىنى دېگەن. ئويۇن ئويناش قائىدىسى ئامېرىكىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەندۇر. ئامېرىكا بولىدۇ دېسە بولىدۇ، بولمايدۇ، دېسە ئاچچىقلىنالامسىز، ئامالىڭىز يوق - دە! «پايتەخت كېلىشىمنامە»گە ئۇ قاتناشمايمەن دېسە، سىزنىڭ نېمە ھەددىڭىز؟

جۇڭگونىڭ WTO غا قاتنىشىش سۆھبىتىدە، ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا قاتنىشىش - قاتناشماسلىق توغرىسىدا، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىزدىنمۇ بەكرەك قىزغىن مۇنازىرىدە بولىدىكەن. قارشى تۇرۇش سادالىرىمۇ بەك كۈچلۈك ئىكەن. ئۇلار جۇڭگو WTO غا قاتنىشىش كېرەك، بىراق ھازىر قەتئىي ئالدىراپ قاتنىشىشقا بولمايدۇ، دەپ قارايدىكەن (مەن ھەرگىز ئاڭسىز ھالدا بۇ خىل قاراشنى بازارغا سالماقچى ئەمەسمەن، مەن شەخسەن بۇ قاراشقا قوشۇلمايمەن. چۈنكى، بۇ مەركەزنىڭ قارىشى بىلەن بىردەك ئەمەس، بۇ يەردە پەقەت مۇنداقلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتمەكچى)، بىراق قارشى تۇرغۇچىلارمۇ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي، ھازىر سەن ئامېرىكا باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن قائىدىلەرنى ئىككى قوللاپ قوبۇل قىلساڭ، گەرچە بۇ قائىدىلەر ساڭا پايدىلىق بولسىمۇ، ئەمما ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە بەك پايدىلىق، دەيدۇ.

ئىككىنچىدىن، دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان خەلقلەرنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىغا قارشى تۇرۇش. بەزى قاراشلاردا بۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى خەلققە پايدىلىق دەپ قارايدۇ. بىراق، ئەڭ كۆپ پايدا ئالىدىغىنى دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەر، دۆلەت

هالقىغان شىركەتلەرنىڭ تاپىدىغان پۇلى بۇ دۆلەتتىكى خەلقلەر بەھرىمەن بولىدىغان نەپتىنمۇ كۆپتۇر. مەن ئالدى بىلەن ئەسكەرتىپ ئۆتەي: مەن بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىپ ئاتالمىش «يېڭى سول قانات» قارىشىدىكىلەرگە بازار ئىزدىمەكچى ئەمەسمەن. مەن شەخسەن بۇ خىل قاراشقا قوشۇلمايمەن. بىراق مەن مۇنداقلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتمەكچى، بۇ خىل تەنقىد بولغىنىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل تەنقىد يەنىلا بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي بولالمايدۇ، ئەمما سىز ئۇنى قىلچە داۋلىسىز دەپ قاردىسىڭىز بولمايدۇ. ئۇلار نۇرغۇن سان- سىپىرلار بىلەن مىسال ئېلىپ، ئىسلاھات ئېچىۋېتىش جەريانىدا نامرات دۆلەتلەرنىڭ شارائىتىنىڭ يامانلىشىپ كېتىپ بارغانلىقىنى، يېڭى مەسىلىلەرنىڭ ئۆتكۈرلىشىپ كېتىپ بارغانلىقىنى، نامراتلارنىڭ تېخىمۇ نامراتلىشىپ كېتىپ بارغانلىقىنى ئىسپاتلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئەكسىچە، ھەرخىل دۆلەت هالقىغان شىركەتلەر ئۇ يەردە ناھايىتى زور پايدىغا ئېرىشكەن بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، بۇ خىل يەر شارىلىشىشنىڭ نەتىجىسى دۇنيادىكى كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنى يەككە ھالەتكە، دۇنيادىكى نۇرغۇن، جانلىق، ئوخشىمايدىغان، مول، رەڭگارەڭ مىللەتلەرنى خاسلىقىنى يوقىتىشقا يۈزلەندۈردى. قەيەرگىلا قارىسىڭىز پىسا دۇكانلىرى، نەگىلا بارسىڭىز ماكدونالد سېتىۋاتقان. ماكدونالد دېگەن بۇ ئىنتايىن ناچار، يېگىلى بولمايدىغان نەرسە ـ دە! ئامېرىكىلىقلار ئۇنى «ئەخلەت يېمەكلىكلەر» دەپ ئاتايدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە مېنىڭ نەۋرەم ئۇنى يېيىشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. مەن ھەرگىز ئۇنى ئەجنەبىلەرگە چوقۇنۇش ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغانلىقتىن بولغان دەپ قارىمايمەن، ھېچكىم ئۇنىڭغا ئۇنداق ئىدىيىنىمۇ سىڭدۈرمىگەن. ئەلۋەتتە، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى يېتەرلىك بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە قەيەرگىلا بارسىڭىز ھېلىقىدەك ئۇسسۇللارنى ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. گەرچە ناخشىنى خەنزۇ تىلىدا ئېيتسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بەل تولغاشلىرى، بوغۇق، چىرقىراق ئاۋازدا ۋارقىراشلىرى كىشىنى تولىمۇ بىئارام قىلىدۇ، ئۇلار بۇلارنى ئامېرىكىلىقلاردىن ئۆگەنمەي كىمدىن ئۆگىنىدۇ؟ كىيىم كېيىشتىمۇ شۇنداق ھەررەڭ ـ سەررەڭ، بىرلىرى، ئامېرىكىلىقلارنى دورىسا، بىرلىرى، غەربىي ياۋروپالىقلارنى دوراۋاتقان، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى بەزى ئىلغار، سولغا مايىل مۇتەپەككۇرلار ئاممىۋى تارقىتىش قوراللىرىنى تەنقىدلەپ بۇ خىل تارقىتىش قوراللىرى كىشىلەرنى خۇددى زاۋۇتتىن چىققان تەييار مەھسۇلاتتەك ئوپمۇئوخشاش قىلىپ «ماڭقۇرت» قىلىپ قويىدى، دەپ قارىشىۋاتىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ ئىش تاپالمىغاندا تېلېۋىزور كۆرىدىغان گەپ. ئادەم تېلېۋىزور كۆرگەندە كۈلىدىغان يەرگىمۇ كۈلۈپ، كۈلمەيدىغان يەرگىمۇ كۈلۈپ، ھاماقەت بولۇپ كېتىۋاتامدۇ؟ تېلېۋىزورنىڭ سەۋىيىسى ئەنە شۇنچىلىك تۆۋەن! ئامېرىكىلىقلارنىڭ تېلېۋىزورنى تىللايدىغان گەپلىرىنى ئاڭلىسىڭىز ھەيران قالىسىز. ئەڭ ئومۇملاشقان بىر ئېغىز سۆزى: تېلېۋىزور نومۇرلىرىنى «ھاماقەت تەھرىرلەر تەھرىرلەيدۇ، گالۋاڭ ئىجادىيەتچىلەر ئىجاد قىلىدۇ، گومۇش ئاكتيورلار گالۋاڭلارغا قويۇپ بېرىدۇ، بەزىلەر ئەسلىدە ئۇنداق گالۋاڭلاردىن ئەمەس ئىدى، تېلېۋىزورنى تولا كۆرۈۋېرىپ دۆتلىشىپ كەتتى». ئەمما كۆپچىلىك جۇڭگونىڭ تېلېۋىزور پروگراممىلىرىنى ئۇنچە بەك تىللىمايدۇ. ئەمما ئامېرىكىغا بارسىڭىز تېلېۋىزورنى تىللايدىغانلار ئىنتايىن كۆپ. ئامېرىكىدىكى بەزى يۇقىرى مەلۇماتلىق زىيالىيلار يىل بويى تېلېۋىزور كۆرمەسلىككە تىرىشىدىكەن. مەن تونۇيدىغان بەزى پروفېسسورلار ئۆيلىرىگە توققۇز دىيوملۇق رەڭسىز تېلېۋىزور قويۇپ قويىدىكەن. ئۇلار بۇ تېلېۋىزورنى نېمىگە ئىشلىتىدىغاندۇ دېسىڭىز، ئوغرىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىكەن. ئۇ كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان بولۇپ، قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ئېچىلىدىكەن. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۈستەل چىرىغىمۇ يانىدىكەن. ئۆينىڭ سىرتىدىن ئۆتكەنلەر شۇنداق قارىسا ئۆيدە ناخشا ئېيتىۋاتقان، سۆزلەۋاتقان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ ھەم ئۆيدىكى چىراغ يورۇقىنى كۆرۈپ ئۆيدە ئادەم بار ئىكەن، دەپ ئويلايدىكەن. تېلېۋىزور، سىنئالغۇ، ياڭراتقۇ قاتارلىق ئەسلىھەلەر جەھەتتە بېيجىڭدىكى بەزى زىيالىيلار بىلەن كادىرلارنىڭ سەۋىيىسى ئامېرىكىلىقلارنىڭ سەۋىيىسىدىن خېلىلا يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئامېرىكىدا تا ھازىرغا كەلگىچىلىك VCD ئىنتايىن كەمچىل بولۇپ، يەنىلا ھېلىقى بۇرۇنقى يوغان سىنئالغۇ لىنتىسىنى كۆرىدىكەن. ئۇلار تېلېۋىزور پروگراممىلىرىنىڭ تايىنى

بولمىسا قەتئىي كۆرمەيدىكەن. ئەمما بىزنىڭ جۇڭگودا تېلېۋىزور نومۇرلىرىنى كۆرۈشكە ئەرزىمەسمۇ كۆرۈۋېرىدۇ. ھەرقانچە تايىنى بولمىغان تەقدىردىمۇ بىر چەتتىن تىللاپ تۇرۇپ، بىر چەتتىن كۆرىدۇ. ھەممىنى پاكىز كۆرۈپ بولۇپ ئاندىن قايتا تىللايدۇ.

ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى نۇرغۇن نەرسىلەرنى تېز تارقىتىپ ئومۇملاشتۇرۇۋاتىدۇ. ھازىر بەزى ئۆسمۈر بالىلار قىسمەن گەپلەرنى تېلېۋىزوردىن ئۆگىنىۋاتىدۇ. مەن بەزىدە كىچىك نەۋرەمگە يەيدىغان بىرەر ياخشى نەرسە ئېلىپ بەرسەم، قولىغا ئالا ئالمايلا «ۋاسسەي!» دەپ كېتىدۇ. مەن بۇ گەپنىڭ قايسى دۆلەتنىڭ تىلى ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. بۇ زادى نېمە دېگەن گەپ؟ كېيىنچە بۇنى شياڭگاڭنىڭ تېلېۋىزور ئېلانلىرىدىن ئۆگىنىۋالغانلىقىنى بىلدىم.

مانا بۇ نەرسىلەر رايونلار بىلەن رايونلار، دۆلەت بىلەن دۆلەت، شىمال بىلەن جەنۇب، ھەتتا ئاسىيا بىلەن ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن غەربىي تىنچ ئوكيان ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كىچىكلىتىۋەتتى. شۇڭا، بەزىلەر ناھايىتى ئەندىشە قىلىپ، مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئادەملەر بىلەن ئادەملەرنىڭ پەرقى قالماي، ئېيتقان ناخشىلىرى، سۆزلىگەن سۆزلىرى ئوخشىشىپ كېتىپ، ئالاھىدىلىكى، خاسلىقى قالمايدۇ، دەپ قارىماقتا. بىرقەدەر ئاددىي يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتى بىلەن باغلىنىشلىقى بولغان نەرسىلەر تېز يوقىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، خەلق قوشاقلىرى، ئېيتىشىش، بەزى مىللىي پائالىيەتلەر، خەلق ئىچىدىكى بەزىبىر مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر. يەنە مەسىلەن، توي قىلىشتا ئىلگىرى جۇڭگونىڭ ناھايىتى قەدىمىي بەزى ئۆرپ - ئادەتلىرى بولىدىغان، ئەلۋەتتە بەزى قەدىمىيلىرىنى تامامەن ئەسلىگە كەلتۈرۈشمۇ قىيىن. بىراق ئەڭ بولمىدى دېگەندە، بىزنىڭ مىللىي ئۆرپ ئادىتىمىزدە بەزى ناھايىتى قىزىقارلىق، ناھايىتى سۆيۈملۈك نەرسىلەر بار. بىراق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتى بىلەن باغلىنىشلىق. ھازىرقى تويلاردا ئۇ خىل ئۆرپ - ئادەتلەرنى كەم ئىشلىتىدۇ دەيسىز. ئات مىنىدىغان، مەپىگە چۈشۈپ توي قىلىدىغان ئىشلار قالمىدى. ھازىر توي قىلىشنىڭ يېڭىچە تۈر، خىللىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى. مەسىلەن، دېڭىز ئاستىغا چۈشۈپ توي قىلىش، شارغا مىنىپ ھاۋادا توي قىلىش... بىراق مىللەتلەر بىلەن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئازلاپ كەتتى.

يەرشارىلىشىشقا قارىتا تەنقىد، يەرشارىلىشىشقا قارىتا قارشى تۇرۇش سادالىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولسىمۇ، بىراق تەنقىد تەنقىد بويىچە، قارشى تۇرۇش قارشى تۇرۇش پېتىچە قېپقېلىۋاتىدۇ. شەخسەن ئۆزۈمنىڭ قارىشىچە، يەرشارىلىشىش يۈزلىنىشىنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ. تەنقىد قىلسىڭىز بولىدۇ. بەك چىدىمىسىڭىز ئۆزىڭىزنى كۆيدۈرۈۋەتسىڭىزمۇ بولىدۇ (ئەلۋەتتە بۇ «فالۇن گۇڭ»چە ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋېلىش ئەمەس). بىراق، سىز بۇنى توسۇۋالالمايسىز! قائىدە تولىمۇ ئاددىي. چۈنكى، يەرشارىلىشىش ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى يۈكسەلدۈرىدۇ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا پايدىلىق، مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

بىز يەنە شۇنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، يەرشارىلىشىش بىلەن بىرگە، دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشى ئەزەلدىن تاق يۆنىلىشلىك بولۇپ باقمىغان. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپى بار، ئۇ بولسىمۇ يەرلىكلىشىش، كۆپ خىللىشىش، مىللىيلىشىش. يەنى، يەرشارىلىشىش بىلەن بىرگە يەنە بىر خىل كۈچلۈك تەلەپ بار، ئۇ يەرشارىلىشىشقا ھەمراھ بولۇش، يەر شارىلىشىشنى رەتكە سېلىش، يەرشارىلىشىشقا قارشى تۇرۇش. ئۇ يەرلىكلىشىش، مىللىيلىشىش ۋە كۆپ خىللىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆسكەنسېرى ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئورنىمۇ بارغانچە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئالغان تەربىيىسى قانچە ياخشىسى بولسا، ئۇ شۇنچە ئاڭلىق يوسۇندا ئۆزىنىڭ سالاھىيىتى ۋە خاسلىقىنى قوغداشقا تىرىشىدۇ. «مەن دېگەن جۇڭگولۇق» دېيەلەيدۇ. ئەگەر ئۇ ھېچقانداق تەربىيە ئالالمىسا، ئۇنىڭغا ھەتتا «جۇڭگولۇق» دېگەن ئۇقۇمنى چۈشەندۈرۈشمۇ ئىنتايىن قىيىن.

بۇنى مەن ئۆز بېشىمدىن كەچۈرگەن. ھېكايەمگىمۇ كىرگۈزۈپ يازغان. مەن شىنجاڭدىكى چاغدا ئىلىغا قەشقەردىن كەلگەن بىر دېھقان مەن بىلەن مۇنداق بىر مەسىلىنى تولىمۇ ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ چاغدا مەن خەلق گۇڭشېسىدا مۇئاۋىن ئەترەت

www.uyghurkitap.com



باشلىقى ئىدىم. ئۇ كىشى مېنى: «ئەترەت باشلىقى» دەپ چاقىراتتى. ئۇ: «ئەترەت باشلىقى، سىلى بىر دەپ باقسىلا، بۇ جۇڭگو، جۇڭگو دەيمىز، نېمىنى جۇڭگو دەيمىز؟ جۇڭگو دېگەن جەنۇبىي شىنجاڭنى بىلدۈرەمدۇ؟» دەپ سوراپ قالدى. مەن: «ياق، جۇڭگو دېگەن ناھايىتى چوڭ ئۇقۇم، بىز ئىچكىرىدىن (جايۇگۇەننىڭ شەرقىنى كۆرسىتىدۇ) كەلدۇق، بۇمۇ جۇڭگو، بېيجىڭ بىلەن شاڭخەيمۇ جۇڭگو، ئۈرۈمچى، ئىلى، جەنۇبىي شىنجاڭمۇ جۇڭگو» دەپ جاۋاب بەردىم. ئەمما بىر كەچ چۈشەندۈرۈپمۇ ئۇنىڭغا جۇڭگو دېگەن ئۇقۇمنى چۈشەندۈرۈپ بولالمىدىم. ئەڭ ئاخىرى ئۇ يەنىلا گاڭگىرىغان ھالدا بۇ جۇڭگو قەيەردىدۇ؟ جۇڭگو دېگەن نېمە؟ دېگەن ھالدا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭغا چوڭ ئۇقۇم، كىچىك ئۇقۇم، دۆلەت، مىللەت، رايون، قىتئە دېگەنلەر نېمە دېگەنلەرنى چۈشەندۈرۈش ناھايىتى قىيىن ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشىلىنىپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئورنى يۈكسىلىپ مائارىپ تەربىيىسى ئالغان بولسا ئىدى، ئۇ بۇلارنى ئۆزلۈكىدىن چۈشىنىپ يەتكەن ھەم ئۆزىدىكى نەرسىلەرنى قەدىرلەشنى بىلگەن بولاتتى.

چەت ئەللىكلەر سالاھىيەتكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ، بولۇپمۇ «كىرىزىسنى تونۇش»قا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ كىرىزىسنى «تونۇشى» ئەمەلىيەتتە سالاھىيەتكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىندۇر. سالاھىيەت كىرىزىسى دېگەن نېمە؟ يەرشارىلىشىش مېنى «يەپ» كەتتى، ئاخىرى مەن ئۆزۈمنىڭ كىملىكىمنى بىلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم دېگەنلىكتۇر. بىزنىڭ بەزى «يېڭى كۆچمەنلەر» ئامېرىكىغا، ياۋروپاغا كۆچۈپ باردى. بولۇپمۇ ئۇلار ئامېرىكىغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن ئەڭ بۇرۇن سالاھىيەت كىرىزىسىگە يولۇققان. بۇ بىرىنچى ئەۋلاد كىشىلەرگە ناھايىتى ئايدىڭ. مەسىلەن، ئۇ 30 ياش ئەتراپىدا ئامېرىكىغا كۆچمەن بولۇپ بارغان، ئۇ يەردە ئوقۇپ، ئۇنۋان ئېلىپ، خىزمەت تاپقان. يېشىل كارتا ئېلىپ، ھەتتا ئامېرىكا تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. ئۆيلەرنى سېتىۋېلىپ ياخشى خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. «مەن بۇ يەردە ئامېرىكا تەۋەلىكىگە ئۆتتۈم. بۇ يەردە تەرەققىي قىلالايمەن» ياكى تۇرمۇشۇم خاتىرجەم، كىرىمىممۇ بىر قەدەر يۇقىرى، دېيەلىگەن. مەيلى نېمىلا سەۋەب بىلەن بولمىسۇن، ئۆزىنىڭ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكى ئۆزىگە ناھايىتى ئايدىڭ. ئەمما ئۇلارنىڭ بالىلىرىدىن ئىبارەت يەنە بىر ئەۋلادقا كەلگەندە ناھايىتى گاڭگىراپ قالغان. چۈنكى بۇ بالىلار ئامېرىكا بالىلار باغچىسىدا تەربىيە ئالىدۇ، ئامېرىكىنىڭ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرۈپ چوڭ بولىدۇ، ئەتراپىغا قارىسا ھەممىسى ئامېرىكىلىق بالىلار، ئاق تەنلىك دەمسىز، قارا تەنلىك دەمسىز ھەممىسى تېپىلىدۇ. بىراق، يەنە ئازراق سىنچىلاپ قارايدىغان بولسا، تېخىمۇ قايمۇقۇپ قالىدۇ. ئۆزىنىڭ چىراي شەكلىگە بىر قارىۋېتىپ ئەترابقا قارىسا، يا ئاق تەنلىكلەرگە، يا تېپىك ئامېرىكىلىقلا، يا قارا تەنلىككە ئوخشىمىغان. ئۆزىنى جۇڭگولۇق دەي دېسە، جۇڭگو توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمىگەن، خەنزۇ تىلىنىمۇ تۈزۈك سۆزلىيەلمىگەن. ئامېرىكىدىكى ئاشۇ «يېڭى كۆچمەنلەر»نىڭ بالىلىرى ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، خەنزۇچە سۆزلىگىلى ئۇنىمايدۇ. جۇڭگوچە تائاملارنىمۇ يېيىشنى خالىمايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى: بىز ھامىنى جۇڭگودىن كەلگەن، ھەم خەنزۇچە سۆزلىيەلمىسەڭ، ھەم جۇڭگوچە تائاملارنى يېيىشنى خالىمىساڭ قانداق بولىدۇ! دەپ كايىيدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن بالىلىرىغا جېنىنىڭ بارىچە چوكا تۇتۇشنى ئۆگىتىدۇ. «تاڭ شېئىرلىرىدىن 300 پارچە»نى يادقا ئالغۇزىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بالىلىرى ناھايىتى ئىبسەنگىرەپ قالىدۇ، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. مانا بۇ ئۆزىنى تونۇش كىرىزىسى، سالاھىيەت كىرىزىسى. شۇڭا، شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يەنە بىر تەرىپى بار.

بىز يەر شارىلىشىشنىڭ بۇ تەرىپىنى كۆرۈپلا، ھەممە سىپىرلىشىپ كەتتى، ھەممە ئادەم ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىيەلەيدىغان بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن جاھان ئوخشاش بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قارىساق بولمايدۇ. ھازىر دۆلىتىمىز ئىنگلىز تىلىنى ناھايىتى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. يولداش لى لەنچىڭمۇ ناھايىتى كۆپ قېتىم ئەسكەرتتى. نېمە ئۈچۈن كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالىنى ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە ھىندىستانغا يېتىشەلمەيمىز؟ چۈنكى ھىندىستاندا ئىنگلىز تىلى بىزگە قارىغاندا ناھايىتى ئومۇملاشقان. بەزى ئىشلارنىڭ يەنە مۇنداق بىر تەرىپى بار، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت سىستېمىسىنى بارغانچە جاھىللارچە ساقلاپ قىلىشقا ئۇرۇنسا، كېيىنكىسى ئالاھىدىلىكىنى،

مىللىيلىكنى، يەرلىك ئالاھىدىلىكنى، خاسلىقنى ساقلاشقا تىرىشىدۇ.

بۇ جەھەتتە مەدەنىيەت بىر ئاساسلىق ساھە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى مەدەنىيەت جەھەتتىكى نەرسىلەر ئاسانلىقچە بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەدەنىيەتنىڭ قىممىتىمۇ كۆپ مەنبەلىك بولىدۇ. سىز ھەرگىز ملاد بايرىمى ئۆتكۈزۈش ئىلغارلىق، باھار بايرىمى ئۆتكۈزۈش قالاقلىق دېيەلمەيسىز. ھەر ئىككىسىنى ئۆتكۈزسە بولىدۇ. ياكى سىز ملاد بايرىمى ئۆتكۈزسىڭىز، مەن باھار بايرىمى ئۆتكۈزىمەن.

مەدەنىيەت جەھەتتە بۇ خىل ئاڭلىقلىقنى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى ئىنتايىن قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ئالدى بىلەن تىل ـ يېزىقتا ئىپادىلىنىدۇ. ھەرقايسى دۆلەت، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقى ئوخشىمايدۇ. ئوخشاش بىر مىللەت ئىچىدە يەنە دىئالېكت بار. دۆلىتىمىز ئورتاق تىلنى ئومۇملاشتۇرۇۋاتىدۇ، بۇنىڭدا قەتئىي مەسىلە يوق. بىراق، دىئالېكتنى پۈتۈنلەي يوقىتىمەن دېيىش مۇمكىن ئەمەس. بارلىق دىئالېكت يوقىتىلسا يەرلىك تىياترنى قانداق ئوينىغلى بولىدۇ؟

دىئالېكتنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋەتكىلى بولمايدۇ. تىلنى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى بىردەكلىككە ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ. چەت ئەلدىكى بەزى جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار ماڭا ئۆز كۆڭۈل تۇيغۇلىرىنى بايان قىلغاندا، مەن تولىمۇ تەسىرلەندىم. ئۇلار ماڭا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى. چەت ئەلدە تۇرمۇشىمىز ناھايىتى خاتىرجەم، ئالاقە ئىشلىرىدىمۇ قىينالمايمىز. ئاق تەنلىك ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن بەزىدە يۈز بەرگەن ئۇقۇشماسلىقلارنى، بەزىبىر سۈركۈلۈشلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا خېلى ئىناق ئۆتىمىز. بىرەر روشەن كەمستىش ئىشلىرىنىمۇ ھېس قىلمايمىز. يېيىش ـ ئىچىشتىمۇ قىينالمايمىز، ھەممە يەردە دېگۈدەك جۇڭگوچە ئاشپۇزۇللار بار. مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ئامېرىكىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ تاللا بازىرىدا دۇفۇ سېتىلىدۇ، يەنە بەزى تاللا بازىرىدا توڭلىتىلغان بەنشىر (تۈگرە) سېتىلىدۇ. بۇلار مۇشۇ بىر قانچە يىلدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر، دېدى. بىراق ئۇلارنىڭ ئەڭ زېرىككۈشلىك ھېس قىلىدىغىنى

ياكى ئەڭ ئازابلىنىدىغىنى بەزىدە باشقىلار بىلەن ھېسسىيات ئالماشتۇرالمايدىكەن. مەسىلەن، ئۇ يەردىكى جۇڭگولۇقلار تاڭ دەۋرىدىكى «چۈشتى ئاق شەبنەم بۇ يەرگە، بۇ كېچە، يورۇسا دەيمەن ئانا يۇرت دالىسى» دېگەن شېئىرىي مىسرالارنى ئاڭلىغاندا كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالىدۇ. ئەمما سىز بۇنى ئامېرىكىلىقلارغا ئوقۇپ بەرسىڭىز ئۇلار ئىلىم ـ پەن بىلەن قوراللانغان كاللا بىلەن بۇنى قەتئىي چۈشىنەلمەيدۇ. «چۈشتى ئاق شەبنەم بۇ يەرگە، بۇ كېچە» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، كۆزىڭىزگە تىكىلىپ تۇرۇپ: «بۈگۈن كېچە نېمە بولۇپ كەتتى؟ تېمپېراتۇرا قانچىگە چۈشتى؟ شامالنىڭ يۆنىلىشى قانچىلىك؟ تېزلىكىچۇ؟» دەپ سوراپ، بىر خىل ئەمەلىيەتچىل قاراش بىلەن سىزدىن تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەم نېمە ئۈچۈن شەبنەم بۈگۈن كېچە ئاقىرىپ كەتتى، دەپ سورايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سىز ئۇلار بىلەن قانداقمۇ ھېسسىيات ئالماشتۇرالايسىز. «يورۇسا دەيمەن ئانا يۇرت دالىسى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ: «پاھ! يۇرتۇڭلاردا بولغىنىش يوق ئىكەن ـ دە؟ سىلەرنىڭ كەنتىڭلارنىڭ مۇھىتى بەك پاكىز ئوخشىمامدۇ؟ بىزنىڭ ئامېرىكىنىڭ مۇھىتىمۇ بەك پاكىزغۇ؟ بۇ يەر ئايدىڭ ئەمەس دەمسىز؟ بۇ يەرمۇ شۇنچە ئايدىڭغۇ؟ قاراڭ، ئاۋۇ ئاينىڭ يورۇقىنى!» دەپ سورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن دېمىڭىز ئىچىڭىزگە چۈشۈپ كېتىدۇ. «يۇردۇم ياقا يۇرتتا ئەجەب، تەنھا ئۆزۈم قالدىم تېنەپ، قۇتلۇق كۈنى ياد ئەيلىدىم تۇغقانلىرىمنى ھەسسىلەپ»، ئامېرىكىلىقلار بۇنىمۇ چۈشەنمەيدۇ: «ھە، قۇتلۇق كۈنى ياد ئەيلىدىم تۇغقانلىرىمنى ھەسسىلەپ دەمسىز؟ ھېيت ـ بايراملار كەلگەندە ئانىڭىزنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كېتەمدۇ قانداق؟» دەپ سورىشىدۇ. مەدەنىيەت جەھەتتە، روھىيەتتە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە مەدەنىيەت ئورنىنى ساقلاش، روھىي دۇنياسىدىكى مەنىۋىيەت باغچىسىنى ھىمايە قىلىش، بىر تەربىيە كۆرگەن ئادەمگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىمدۇر. گەرچە سىز چەت ئەل تەلىنى سۇدەك راۋان سۆزلىگەن تەقدىردىمۇ، ھەر كۈنى بىر تەرەپ قىلماقچى بولغان سان ـ سىپىرلارنى خەلقئارا ئۆلچەم بويىچە ئىشلىگەن تەقدىردىمۇ، ئەمما ئۆيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، كونا دوست ـ بۇرادەرلەر بىلەن جەم بولۇپ ئىككى قەدەھ قېقىشىپ، كونا يۇرتنىڭ

ناخشىلىرىنى دىمىقىڭىزدا بولسىمۇ غىڭشىۋالمىغىچە پۇخادىن چىقالمايسىز، ياكى بۇ چاغدا سىز «I Love You» (سېنى ياخشى كۆرىمەن) دېگەن ناخشىنى ئېيتامسىز ياكى مەيدانىنىڭ ناخشىلىرىنى ۋە ياكى پاۋارۇدىنىڭ ئارىيىلىرىگە غىڭشامسىز؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ ھاردۇقىڭىزنى چىقىرالمايدۇ.

مەدەنىيەت مانا مۇشۇنداق بىر خىل رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئۇ دۇنيانى رەڭگارەڭلىككە ئىگە قىلغان، بىر مىللەتنى ئىززەت ـ ھۆرمەتكە نائىل قىلغان، ھەتتا بىر دۆلەتكە ئۇيۇشۇش كۈچى ئاتا قىلغان. مانا بۇ «مەدەنىيەت ۋەتەنپەرۋەرلىكى» دەپ ئاتىلىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك نەدىن كېلىدۇ؟ شۇ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىزنىڭ بۇ دۆلىتىڭىز ئىنتايىن ياخشى بولسا، ئۇنداقتا بۇنىڭدىنمۇ ياخشى دۆلەت بولمايدۇ دېيەلەمسىز؟ باشقا دۆلەتلەرنىڭمۇ ناچار بولۇشى ناتايىن ـ دە! ئەمما بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە مەدەنىيەتنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. جاڭ مىڭمىڭ ئېيتقان «جۇڭگو مېنىڭ يۈرىكىم» دېگەن ناخشىدا ئىپادىلەنگىنى، بىر جۇڭگولۇقنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن سۇغىرىلغان يۈرىكىغۇ!

ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۆتكەن يىلى گېرمانىيە زۇڭلىسى شرودىر بېيجىڭغا زىيارەتكە كەلگەندە كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگونىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى. دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى يولداش لوگەنمۇ باردى. چۈشلۈك زىياپەتكە مەنمۇ تەكلىپ قىلىندىم. مەن شۇ يەرگە بارغاندىلا يولداش لوگەننىڭ گېرمانچىنى ئىنتايىن ياخشى سۆزلەيدىغانلىقىنى بىلدىم. ئۇ ئىلگىرى شەرقىي گېرمانىيىدە ئوقۇغان ئىكەن. گەپنىڭ تېمىسى ياۋروپا قىتئەسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى، ياۋرو پۇلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قاتارلىقلارغا كەلگەندە، يولداش لوگەن: سىلەر ياۋروپا پۇلىنى بىرلىككە كەلتۈرەلىگەن بىلەن ياۋروپا تىلىنى قانداق قىلىسىلەر؟ تىلنى قانداق بىرلىككە كەلتۈرەلەيسىلەر؟ دەپ سورىدى. شرودىر: تىلنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ. بىز بىرلىككە كەلتۈرىدىغان يەرلەرنى بىرلىككە كەلتۈرىمىز، بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىمىز. تىلنى قانداقمۇ بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولسۇن؟ سىز ھەممە ئادەمنى گېرمانچە سۆزلەيسىلەر دېسىڭىز كىشىلەر ئۇنامدۇ؟ ياكى ھەممە ئادەمنى فرانسۇزچە، ئىنگلىزچە سۆزلەيسىلەر دېسىڭىز كىشىلەر پىسەنت قىلمايدۇ ـ دە! دېدى. مەن: يەر شارىلىشىش دولقۇنىدا، مەدەنىيەت دېگەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى قوغداشتىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر زېمىنى، دېدىم. زۇڭلى شرودىر بىلەن يولداش لوگەن كۈلۈپ كەتتى.

مەدەنىيەتتىكى بۇ خىل ئاڭلىقلىق، غۇرۇر ۋە ئۆزىنى قەدىرلەش، يەر شارىلىشىش جەريانىنى تەڭشەپ تۇرماقتا. ئەگەر مەدەنىيەتتىكى ئاڭلىقلىق، ئۆزىنى قەدىرلەش ۋە غۇرۇر بولمىغان بولسا، يەر شارىلىشىش بىر تەرەپلىمە پائالىيەتكە ئايلىنىپ قالغان، كىشىلەر يۇتۇۋېتىلگەن، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋېتىلگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان بولاتتى، ھەتتا چوڭ قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىققان بولاتتى.

يۇقىرىقى سۆزلىگەنلىرىم يەر شارىلىشىشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى.

ئەمدى «مەدەنىيەت چوڭ دۆلىتى قۇرۇش» دېگەن مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا، يەنى دۆلىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇش نىشانىغا نىسبەتەن بىز قانداق سىياقتا دۇنيا ئالدىدا نامايان بولىمىز؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمەن.

جۇڭگو نەچچە مىڭ يىللىق خۇاشيا مەدەنىيىتىگە ئىگە بىر دۆلەت بولسىمۇ، ئەمما يېقىنقى بىر ـ ئىككى يۈز يىل مابەينىدە، دۇنيا جامائەتچىلىكى ئالدىدا بىر نامرات، قالاق، «شەرقىي ئاسىيا كېسەل كۆرپىسى» دېگەن ئوبراز بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇرماقتا. بۇ پاكىت! ئەلۋەتتە، ماۋجۇشى ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلغاندىن كېيىن، بۇ خىل ئەھۋال ئۆزگەردى. قانچىلىغان قۇربانلار ئۆز ھاياتىنى دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇش، بېيىتىش، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشكە بېغىشلاپ، زامانىۋى، قۇدرەتلىك، مەدەنىي، دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنى ئارزۇ قىلمىغان. بەزى دۈشمەن كۈچلەر، ئەگەر جۇڭگو قۇدرەت تاپسا، گەپ ئاڭلىمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ، دېيىشمەكتە.

ئۇنداقتا، ئۆزىمىزنىڭ نىشانى قەيەردە؟

بىزنىڭ نىشانىمىز ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي نىشان. بۇنى تامامەن توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش دۆلىتىمىز خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، بۇ

مەركەز، ئىقتىسادىي ئىگىلىك گۈللىنىۋېتىدىكەن، باشقا جە-
ھەتتە سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بىز ھازىر نىشاندىن
يەنىلا ئارقىدا. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقان «ئۈچ قە-
دەم بويىچە مېڭىش» نىشانىدا، ئاساسەن ئىقتىسادىي تە-
رەققىيات كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا
كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيىسى تەرەققىياتنىڭ نە-
شانى قىلىنغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، كىشى بېشىغا
توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمنى 800 ئامېرىكا دول-
لىرىغا يەتكۈزدۇق. 21 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاذ-
دا، ئوتتۇراھال تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسە-
گە، يەنى ئۈچ ـ تۆت مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكۈز-
مەكچى. بۇ ئىنتايىن مۇھىم! بۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن
ئۇلۇغ، چۈنكى، جۇڭگونىڭ نوپۇسى تولىمۇ كۆپ.

كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم
ئۈچ ـ تۆت مىڭ ئامېرىكا دوللىرى دېگەن يەنىلا ناھايىتى
تۆۋەن سەۋىيە. مەن تېخى يېقىندا كورىيىدىن قايتىپ
كەلدىم. كورىيىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇ-
رىچە كىرىمى 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئىكەن. كېيىن
ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مالىيىسى كرىزىسقا ئۇچراپ، پۇل
پاخاللىقى كۆرۈلۈپ ھازىر 8 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا
چۈشۈپ قاپتۇ. ۋەھالەنكى، بىز 2050 ـ يىلىغىچە كۈرەش
قىلساق ئاران 4 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكۈزىمىز. شۇ
چاغدا ئاران كورىيىنىڭ ھازىرقى كىشى بېشىغا توغرا كې-
لىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ يېرىمىغا يەتكۈزگەن بولى-
مىز. بۇنى 1 مىليارد 300 مىليون ياكى 1 مىليارد 400
مىليون نوپۇسقا كۆپەيتسەك كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.
بىراق، ئۇزاقتىن بۇيان بىزنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلە-
دىغان ئوتتۇرىچە كىرىمىمىز ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ بۇ خىل
ھالىتىگە يېتەلمىدى. سىز قانچىلىك داغدۇغىلىق گەپلەر
بىلەن چۇقان سالسىڭىزمۇ بىكار. بىز ئىلگىرى: «غەرب
كاپىتالىزمى قىلغان ئىشلارنى بىز شەرق پرولېتارلىرى
قىلالمامدۇق» دەپ داغدۇغىلىق گەپلەرنى قىلمىغانمە-
دۇق؟! سىز قانچىلىك گەپ ساتقىنىڭىز بىلەن، قانچىلىك
ئىرادە بىلدۈرگىنىڭىز بىلەن ئىشقا ئاشۇرالمايسىز. خۇددى
1958 ـ يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەيمىز» دەپ كۆ-
رەڭلەپ، ئالدىرىغاندا ئىشلار دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ
چىققاندەك.

شۇڭا، بىزدە يالغۇز ئىقتىسادىي كۆز بولۇپلا قالماي،
بەلكى دۆلىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇشى، دۆلىتىمىزنىڭ ئوبرازىغا
قارىتا ئەلۋەتتە باشقىچە كۆزمۇ بولۇشى كېرەك.

ھەربىي ئىشلارغا قارىتا كۆز بولۇشمۇ ئىنتايىن مۇھىم.
بىر دۆلەتنىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە ئىگە بولۇشمۇ
كىشىنى قايىل قىلىدۇ. مەسىلەن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى.
سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تۆ-
ۋەن، ناھايىتى مۇھىم كۆرسەتكۈچلىرى كۆڭۈلدىكىدەك
ئەمەس بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ناھا-
يىتى كۈچلۈك ئىدى، ھەتتا ئامېرىكا بىلەن تەڭلىشەلەي-
دىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى. شۇڭا دۇنيا ئۇنىڭغا قايىل
بولماي تۇرالمىدى. بىراق، ئۇ ھەربىي ئىشلار جەھەتتە
ئامېرىكا بىلەن تەڭلىشىمەن، ئامېرىكا بىلەن قارشىلىشى-
مەن دەپ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. بىز بۇ
يولدا ماڭمايمىز، بىزنىڭ مەقسىتىمىزمۇ ھەربىي ئىشلار
جەھەتتە دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت بولۇش ئەمەس.
بۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلەت سىياسىتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان
مەسىلىلەر، مەن ئارتۇق سۆزلىمەيمەن. بەزى مەسىلىلەر
ماۋجۇشىدىن، كەم دېگەندە دېڭ شياۋپىڭدىن باشلاپ
كۆپ قېتىم مۇھاكىمە قىلىنغان. بىز ھەربىي ئىشلار جە-
ھەتتە ئامېرىكا بىلەن قارشىلىشىمىز دېمەيمىز، ئۇ بىزنىڭ
دۆلەت سىياسىتىمىز ئەمەس. ئەلۋەتتە، ئۆزىمىزنى قوغ-
دايدىغان، تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلالايدىغان قۇد-
رەتكە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك.

بىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىمىز نەدە؟ بىزنىڭ ئارتۇقچىلىقى-
مىز مەدەنىيەت جەھەتتە. مەدەنىيەت بىزنىڭ كۈچلۈك
تۆۋرۈكىمىز، مەدەنىيەت بىزنىڭ ئەۋزەللىكىمىز، مەدەنى-
يەت بىزنىڭ ئوبرازىمىز، مەدەنىيەت بىزنىڭ كۈچ ـ قۇد-
رىتىمىز.

جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆپ سۆزلە-
مىسەكمۇ بولىدۇ. جۇڭگو مەدەنىيىتى دۇنيا بويىچە بىر ـ
دىنبىر، ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن
جانلىق مەدەنىيەت، يەنە كېلىپ تارىخى ئۇزاق مەدەنى-
يەت.

بىراق، دۇنيادا پەقەت جۇڭگولا ئۇلۇغ دەپ قارىساق
خاتالىشىمىز. ئەگەر پۇرسەت بولسا ھەرقايسى دۆلەتلەرگە
چىقىپ ئايلىنىپ كۆرۈپ كەلسەك بولىدۇ. مەن

www.uyghurkitap.com



سۆزلەيدىغان بولسام جۇڭگونىڭ 4 ـ 5 مىڭ يىللىق مەدەنىيىتىدىن چۈشىمەن. ئەمما سىز مىسىرغا بارسىڭىز 6 مىڭ يىلدىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى كۆرىسىز. ئۇ يەردىكى قۇرۇلۇش، پىرامىدا، سىرلىق ئوردىلار، ياكى يۇنان، ئافىنالارغا بارسىڭىز ئۇلارنى ھەققەتەن ئېتىراپ قىلماي قالمايسىز.

مەسىلە، ئاشۇ قەدىمىي مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۈزۈلۈپ قالغان، ئەمما بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىشىپ كەلگەن بىردىنبىر تىرىك مەدەنىيەت. گەرچە بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزدە نۇرغۇن مەسىلىلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە، تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە.

جۇڭگو مەدەنىيىتىنى «چوڭ بالا ـ قازادىمۇ ئۆلمەيدىغان» مەدەنىيەت دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. نۇرغۇن مەدەنىيەتلەر بالايىئاپەتلەرگە دۇچ كېلىپ ھالاك بولدى. ئەمما جۇڭگو مەدەنىيىتى، خۇاشيا مەدەنىيىتى «ئۆلمىدى»، يۈەن سۇلالىسىدە موڭغۇللار ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان بولسىمۇ، خەنزۇ مەدەنىيىتى ھالاك بولماي، موڭغۇللارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلدى. چىڭ سۇلالىسىدە مانجۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەندىمۇ خۇاشيا مەدەنىيىتى يوقالمىدى.

4 ـ ماي ھەرىكىتىگە كەلگەندە، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنى تونۇپ يەتتۇق. ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ياۋروپانى مەركەز قىلغان بولسا، ئۇ ئىلغار ھېسابلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر مەھەل جۇڭگو مەدەنىيىتىگە قارىتا كەسكىن تەنقىد ئېلىپ بېرىلدى. بۇ تەنقىدلەرنىڭ بەزىلىرىنى خاتا دېگىلى بولمايتتى. «كۆكزىچەلارنى يوقىتايلى»، «كونىچە تۈپلەنگەن كىتابلارنى ھاجەتخانىغا تاشلايلى». ئوڭچىل، سولچىل كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇنداق تەنقىد قىلىشقان، بۇ ۋۇجىخۇي، خۇشىلارنىڭ تەشەببۇسى ئىدى. جۇڭگونىڭ كىتابلىرىنى، جۇڭگونىڭ كونىچە تۈپلەنگەن كىتابلىرىنى ئوقۇماسلىق لۇشۇننىڭ تەشەببۇسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى نۇرغۇن كۆڭۈلسىز ۋەقەلەر يۈز بەردى. ۋاڭ گوۋېي ئۆزىنى كۆلگە تاشلاپ ئۆلۈۋالدى. چېن يەنكې بۇنىڭغا ئەزاھات بېرىپ، بىر زىيالىي ئۆزىنىڭ ھايات يولىنى تېپىشقا تۆرتكە بولۇۋاتقان مەدەنىيەتنىڭ زاۋاللىققا، ھالاك بولۇشقا قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆرگەندە چىداپ تۇرالماي (بۇ خىل ئازابنى تەسۋىرلىگىلى بولمايدۇ) نائىلاج ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى، ئۇنىڭغا ھاياتتا چىقىش يولى يوق ئىدى، دېدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مۇ دۇنيا تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بالايىئاپەت ـ دە! مەن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ ناھايىتى نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى كۆردۈم. ئۆزىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بۇنداق ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق ۋەيران قىلىش دۇنيا تارىخىدا كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ! مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ (ئەلۋەتتە، كېيىنكى ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، «پۈتۈنلەي غەربلەشتۈرۈش»نىڭ زەربىسىدە) جۇڭگو مەدەنىيىتى، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىرى ھالاك بولۇپ كەتمەي يەنىلا ئامان قالدى. ئەكسىچە، ئۇ قايتا گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قالدى.

نېمە ئۈچۈن بىز مەدەنىيەتنى كۈچ ـ قۇدرەت دەيمىز؟ چۈنكى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى جۇڭگودىكى 1 مىليارد 300 مىليون كىشىنى بىرلەشتۈرگەن، بۇ زېمىندا گەرچە ھەرخىل ئوخشىمىغان سىياسىي ئېتىقاد، ئۆرپ ـ ئادەت قىممەت ئۆلچىمى، ھەرخىل ئىختىلاپلار بولسىمۇ، بىراق جۇڭخۇا مەدەنىيىتى جۇڭگو خەلقىنى، ھەتتا يەر شارىدىكى پۈتۈن جۇڭگولۇقلارنى ئەڭ كەڭ ئىتتىپاقلاشتۇرغان بىر بايراقتۇر. شۇڭا، ئۇ بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىمىز، شۇنداقلا ئۇنۇۋېرسال دۆلەت كۈچىمىزنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى.

مەن ھەمىشە مۇنداق بىر مەسىلىنى تىلغا ئالىمەن. ۋۇخەن شەھىرى سېرىق تۇرنا راۋىقىدىن بىرنى ياساپتۇ. ئىلگىرى ماۋجۇشى شېئىر ئوقۇغان سېرىق تۇرنا راۋىقىنىڭ بۇرۇنقى ئورنىنى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكى ئىگىلىۋالغاچقا، ئەتراپتىكى باشقا بىر جايىنى تاللاپ ياساپتۇ. بۇ راۋاقنى خېلى يامان ئەمەس ياساپتۇ. بىراق بىزنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىمىز چەكلىك بولغاچقا، مەسىلەن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ناھايىتى مۇھىم تۈۋرۈك ـ لىمسىمان تۈۋرۈكنىڭ ئورنىغا ياغاچ تۈۋرۈك ئىشلەتمەي، سېمونت تۈۋرۈك ئىشلىتىپ، ياغاچ تۈۋرۈك سىياقىغا كەلتۈرۈپ سىرلاپتۇ. راۋاقنىڭ ئىچىگە قويۇلغان

قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمۇ ناھايىتى ئاز (مەن 80 ـ يىللاردا بارغاچقا ھازىر كۆپەيگەن بولۇشى مۇمكىن)، ھالبۇكى، بۇ راۋاق تۈركۈم ـ تۈركۈم ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغاچقا، ئۇلار بۇ يەرگە خەجلىگەن پۇلنى ناھايىتى ئاسانلا تېپىۋاپتۇ. نېمە ئۈچۈن؟ سەۋەبى، گەرچە راۋاقنىڭ ئورنى يۆتكەلگەن بولسىمۇ، راۋاققا ئىشلەتكەن ماتېرىياللار، راۋاقنىڭ ئىچىگە قويۇلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساختا بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدىكى بىر روھ ھەقىقىي. بۇ روھ نېمە؟ بۇ روھ سۈي خاۋ بىلەن لى بەيدىنىڭ شېئىرى، يەنى:

«سېرىق تۇرنا راۋىقىنى بۇ يەردە يادىكار ئەيلەپ،
مىنىپ تۇرنىغا كەتكەندۇر پەرىشتە ئىختىيار ئەيلەپ.
سېرىق تۇرنا شۇ كەتكەنچە بۇ ياققا ئەسلا قايتماپتۇ،
ئېگىز ئاسماندا مىڭ يىلدىن بېرى ئۇزەر بۇلۇت لەيلەپ.
دەرەخ ـ بوستانى خەنياڭنىڭ ئايان بىر ـ بىر كۆز ئالدىمدا،
تۇرار يىڭۋۇ ئارالىنى يېشىل ئوت ـ چۆپ تامام چۆمكەپ.
ئەزىم دەريا تۇمانىدا مېنى غەم باستى بارغانچە،
گۇگۇم پەيتى خىيال قىلدىم، ماكان ـ يۇرتۇم قاياندۇر دەپ».

پەقەت سۈي خاۋ بىلەن لى بەينىڭ شېئىرى ئۆلمىسىلا، كىشىلەرنىڭ سېرىق تۇرنا راۋىقىغا بولغان ھەۋىسى، قىزىقىشى يوقالمايدۇ. ئەگەر قەدىمىي كلاسسىك شائىرلار شېئىر، قەسىدىلەرنى ئوقۇمىغان بولسا، ئاددىي بىر راۋاقنىڭ كىشىلەرنىڭ ئۇنچىۋالا قىزىقىشىنى قوزغاپ كېتىشى ناتايىن ئىدى، بىزنىڭ بۇ خىل مەدەنىيەت روھىمىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، بىر خىل غايەت زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

چەت ئەللەردە ساياھەتتە بولغان ۋاقتىمدا، نۇرغۇن چەت ئەللىكلەر مەندىن نۇرغۇن سوئاللارنى سوراشقان. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇلارنىڭ ئىچىدە رۇمىنىيە مەدەنىيەت ـ مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇدىرىمۇ بار، چىئوسېسكۇ دەۋرىدە ئۇ كوۋانت مېخانىكا ئالىمى ئىدى. ئۇ بىرتەرەپتىن، مەدەنىيەت ـ مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىككى نەپەر كوۋانت مېخانىكىسى دوكتورلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانىكەن. ئۇ ماڭا: «جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ھەممىسى ۋەتىنىنى سۆيىدۇ، سىلەر قۇرۇلۇش سالماقچى بولساڭلار، بۇ مۇھاجىرلارنىڭ ھەممىسى قايتىپ كېلىپ مەبلەغ سالىدۇ. سىز بىلمەيسىز، بىزنىڭ چەت ئەللەردىكى مۇھاجىرلىرىمىز رۇمىنىيىنى يامان كۆرىدۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭ نېمىگە ئاساسەن شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى، راست ياكى يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قالدىم. روسىيەلىكلەر ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتتا نېمە ئۈچۈن ئەجابىي ئۇنۇمگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى خۇلاسىلىگەندە، بىزگە ئوخشاش بۇنچە كۆپ مۇھاجىرغا ئىگە ئەمەس ئەكەنلىكىنى قەيت قىلغان.

يەنە بىر يىل، مەن ئۇ چاغدا نيۇ يوركتا ئىدىم. ئۇ چاغدا ئامېرىكىدا ئاق تەنلىكلەرنى ئاساس قىلغان، ئەينى يىللىرى خۇشى قاتارلىق كىشىلەر قۇرغان جۇڭگو ـ ئامېرىكا بىرلەشمە جەمئىيىتى دېگەن بىر تەشكىلات بار ئىدى. ئەمما بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇشۇناس ئالىملار يوق ئىدى، ھەتتا خەنزۇچە تىل ـ يېزىقنى بىلىدىغانلارمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك جۇڭگوغا دىن تارقاتقىلى، تىجارەت قىلغىلى كەلگەن، مەكتەپلەرنى سېلىپ بەرگەن، ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكى زىيالىيلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، ھەقىقىي ئامېرىكىلىقلاردىن ئىدى. ئۇلار جۇڭگوغا ئالاقىدار ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىش، تونۇشتۇرۇشنى مەخسۇس تەشكىللەپ تۇرىدىكەن. بىر قېتىم ئۇ يەرگە بېرىپ لېكسىيە سۆزلەشكە مەنمۇ تەكلىپ قىلىندىم. بىر چاغدا بىر ئامېرىكىلىق مەندىن نېمە ئۈچۈن جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسى ۋەتىنىنى شۇنچە سۆيىدۇ؟ دەپ سوراپ، دۇنيادىكى ھېچقايسىبىر مىللەت جۇڭگولۇقلارغا ئوخشىمايدۇ، جۇڭگولۇقلار مەيلى دۇنيانىڭ قايسىبىر بۇلۇڭىغا بارمىسۇن، ناھايىتى زىچ ئۇيۇشالايدۇ، دېدى. مەن يېرىم يارتا چاقچاق قىلىپ، بۇ مۇنداق ئىككى سەۋەبتىن، بىرى، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى جۇڭگوچە تائام يەيدۇ، جۇڭگولۇقلارنىڭ چەت دۆلەتلەرگە چىقىپ كەتكىنىگە 50 ـ 60 يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا جۇڭگوچە ئاشپۇزۇللارغا بېرىپ تاماق يەيدۇ. يەنە بىرى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇچە تىل ـ يېزىق قوللىنىدۇ، خەنزۇچە يېزىق دېگەن تولىمۇ غەلىتە ـ دە! دېدىم. كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ كەتتى.

بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىنى ئۇنىڭ بۇ خىل ئۇيۇشۇش كۈچىنى، ئۇ ۋەكىللىك قىلغان مىللەتنىڭ

www.uyghurkitap.com



ھېسسىياتى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى (ئۇ پەقەت نەزەرىيە جەھەتتىكى ياكى ئەخلاق جەھەتتىكى ھۆكۈم بولۇپلا قالماي، مەسىلەن، بىر ئادەم ۋەتىنىنى، ئائىلىسىنى، يۇرتىنى سۆيۇشى كېرەك)، ئۇنىڭ رولىنى ھېچنېمە بىلەن ئاتقۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت بىزنىڭ دۆلەت قۇرۇشتىكى بىر نىشانىمىز بولۇپلا قالماي، بەلكى دۆلەت قۇرۇشىمىزنىڭ ئاساسى.

يېقىندا، مەن بىر ماتېرىيالدىن يولداش جياڭ زېمىن بىلەن ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسىنىڭ ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنى ئوقۇدۇم. سۆھبەتتە يولداش جياڭ زېمىن جۇڭگونىڭ پەلسەپىسى ئۈستىدە توختىلىپ، جۇڭگو ناھايىتى قەدىمىي ئەنئەنىگە ئىگە بىر مىللەت دەپ كېلىپ، بىز شەيئىلەرنىڭ قارشى يۆنىلىشكە قاراپ ئۆزگىرىشىنى تەشەببۇس قىلىمىز. شۇڭا، مەغرۇرلىنىشتىن ساقلىنىپ، كەمتەر بولۇشىمىز، گەپنى كېسىپلا دەپ مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتمەي، ئىشنى پۇختا قىلىشىمىز كېرەك. كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇپ، ئىش قىلغاندا ئاز ـ تولا ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ قويۇشىمىز كېرەك، مانا بۇ بىزنىڭ پەلسەپىمىز، دېگەن. ئارقىدىن ئۇ يەنە، مېنىڭچە زۇڭتۇڭ بۇشتا بۇ پەلسەپە يوق ئىكەن، سىلەر ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەممىسىدە بۇ خىل پەلسەپە يوق، شۇڭا، سىلەر ھەدېگەندىلا مەغرۇر، كۆرەڭ، قىلمايدىغان گەپلەرنىمۇ قىلىسىلەر، دېگەن. ئەمما ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسىنىڭ يولداش جياڭ زېمىننىڭ تەنقىدىنى قوبۇل قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى بىلەلمىدىم.

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئورنىنى تەكىتلەش ناھايىتى ئەھمىيەتلىك. ئۇنداقتا بىز دەۋاتقان، بىز تەشەببۇس قىلىۋاتقان ياكى مەن تەكلىپ بېرىۋاتقان «مەدەنىيەت چوڭ دۆلىتى قۇرۇش» قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ مېنىڭچە بۇنىڭدا ئالاھىدە يېڭى مەزمۇنلارمۇ يوق، پەقەت مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى جەھەتتىكى تونۇش ۋە سالماقتىن ئىبارەت.

ئالدى بىلەن مېنىڭچە مەدەنىيەت قۇرۇش جەھەتتە پۈتۈن مىللەتتە ئۆز مەدەنىيىتىنى سۆيىدىغان، ئۆز مەدەنىيىتىنى قوغدايدىغان، ئۆز مەدەنىيىتى بىلەن پەخىرلىنىدىغان ئاڭلىقلىق بولۇش كېرەك.

خېلى يىللار ئىلگىرى، مەن مەدەنىيەت مىنىستىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان چېغىمدا، مەركەزدىكى بەزى رەھبىرىي يولداشلار بىلەن مۇنداق بىر مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكەنىدىم. مەن، بىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيە كۆرسەتكۈچىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتىمىز، بۇ ئىنتايىن مۇھىم، بىراق پەقەت بۇ كۆرسەتكۈچلا كۇپايە قىلمايدۇ. چۈنكى بىزگە شۇ نەرسە ناھايىتى ئايدىڭكى، بىز 100 يىلدىمۇ ئەڭ ئىلغار دۆلەتلەرگە يېتەلمەيمىز، پەقەت بۇرۇنقىدىن تېز تەرەققىي قىلالايمىز. مۇنداقچە ئېيتساق، بۇ بىردىنبىر كۆرسەتكۈچ ھېسابلىنامدۇ؟ ئەگەر بۇ كۆرسەتكۈچ ئەڭ ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ دەرىجىسىگە يەتمىسە، جۇڭگو ئۇلۇغ ھېسابلانمامدۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس، جۇڭگو يەنىلا ئۇلۇغ، چۈنكى بىزنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئەنئەنىمىز بار، دېگەنىدىم.

ناۋادا پەقەت ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچنىلا تەكىتلىسەك، ئۇنداقتا دۇنيادا مۇنداق بىر قانچە خىل ئەھۋال بار. بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچى ناھايىتى يۇقىرى بولغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھەر قايسى جەھەتلەردە تازا دېگەندەك ئەمەس. مەن تېخىچە دۇنيا بويىچە ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچى ئەڭ يۇقىرى دۆلەتنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەلمەيمەن. بەزىلەر شۋېتسارىيە دېسە، بەزىلەر ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى دەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكىنىڭكىدىن يۇقىرى. دېڭىز قولتۇقىدىكى دۆلەتلەر نېفىتكە تايىنىدۇ. مەن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە ئايروپىلان ئالماشقان. ئۇ چاغدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز ياخشى بولمىغاچقا، ھاۋا بوشلۇقىدىن ئۆتۈشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. شۇڭا، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە ئايروپىلان ئالمىشىشقا توغرا كېلەتتى. مەن ئۇ يەردە كىشىلەرنىڭ بۇ دۆلەتنىڭ نېفىت ئىشلەپچىقىرىشى ئىنتايىن مول بولغاچقا، يەرلىك كىشىلەر ئىشلىمەيدىكەن، دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. مەن ئايرودرومدا ئىشلەۋاتقانلار كىملەر، دەپ سورىسام، ئۇلار: ھىندىستان، ماراكەش، پاكىستاندىن كەلگەن ياللانما ئىشچىلار، دېگەن جاۋابقا ئېرىشتىم. شۇڭا، دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى ھەرگىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچى بىلەنلا ھەل بولمايدۇ.

بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى مەندىن ياش. بىراق ھايات ۋاقتىڭلاردا، ئېھتىمال سىلەرنىڭ بالا ـ چاقاڭلارمۇ ھايات ۋاقتىدا جۇڭگونىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتكەنلىكىنى كۆرەلمەسلىكى مۇمكىن. بىراق دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتەلمىسەك ھېچ گەپ يوق (ئەلۋەتتە ئىقتىساد ئارقىدا قالماي تەرەققىي قىلىشى، پەرق قىسقىرىشى كېرەك. مەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا «قارشى» تۇرغۇچى ئەمەس، ئىقتىسادىي «تەرەققىيات»نى ياقلىغۇچى). بىز يەنىلا مەغرۇرانە كەيپىياتتا، يەنىلا تولۇپ تاشقان ئىشەنچتە، چۈنكى، بىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىمىز بار.

مەدەنىيەتنى قەدىرلەش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ ئومۇمىي مىللەت خاراكتېرلىك، مىللىي خاراكتېرلىك نەرسىگە ئايلىنىشى كېرەك. ئەڭ بولمىدى دېگەندە، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆزىمىز ۋەيران قىلىدىغان پاجىئەلىك ئىشلارنى سادىر قىلماسلىقىمىز كېرەك. مەن ھەمىشە جۇڭگو مەدەنىيىتىدىمۇ ناچار نەرسىلەر بار دەپ گۇمان قىلىمەن. بۇنىڭ ئىچىدە بىر خىلى ئۆز ـ ئۆزىنى ۋەيران قىلىدىغان مېخانىزم. جۇڭگو مەدەنىيىتىدە ناھايىتى كۈچلۈك ماسلىشىش ئىقتىدارى، تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى، تولۇقلاپ تۈزەش ئىقتىدارى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەلۇم دەرىجىدە ئۆزىنى ئۆزى ۋەيران قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە مېخانىزم بار. مەن تارىخنى كۆرۈپ، ئەڭ ئەپسۇسلانغىنىم، شاڭ يۇچىن دۆلىتىنى يەڭگەندىن كېيىن تۈنجى قىلغان ئىشى ئېفاڭگۇڭ ئوردىسىنى كۆيدۈرۈش بولغان، ھەتتا بىر نەچچە ئاي كۆيدۈرگەن. مەن ئىنتايىن غەلىتە ھېس قىلىمەن. سەن ئۇ يەرنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ يەر ساڭا مەنسۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى كۆيدۈرۈپ نېمە قىلىسەن. بۇ ناھايىتى ئاددىي ساۋاتقۇ! گەرچە مەن ھەربىي ئىشلارنى چۈشەنمىسەممۇ، ئەسكەر بولۇپ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ باقمىغان بولسامۇ، بىراق سەن بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتسەڭ، پارتلىتىپ ۋەيران قىلىۋەتسەڭ لوگىكىغا چۈشمەيدۇ ـ دە! رىم ئىمپېرىيىسى ۋاقتىدىمۇ شۇنداق ئىشلار بولغان. شەھەرنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى تۈپتۈز قىلىۋەتكەن، ئەلۋەتتە، چىڭگىزخانمۇ شۇنداق قىلغان. ئۇ بىر جاينى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن «ئۇچنى يوقىتىش» سىياسىتىنى چىقىرىپ، ئۇنى تۈپتۈز قىلىۋەتكەن. بۇ يەردە مىللەتتىكى بىر خىل ئامىل رول ئويناۋاتقان گەپ. چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن بولغان مىللەت (چىڭگىزخاننى دېمەكچى) يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتى بىلەن شەھەر مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلالمىغان.

بىراق جۇڭگودىكى بۇزغۇنچىلىق، بولۇپمۇ ھوقۇق ئالماشقاندا ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىش ئېھتىمال جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى بولسا كېرەك.

مەن ئادەمنى تولىمۇ ئۆكۈندۈرىدىغان مۇنداق بىر ئىشنى بايقاپ قالدىم، يەنى جۇڭگونىڭ قەدىمكىي مەدەنىيىتىنىڭ بەزىلىرىنى ياپونىيىلىكلەر بىز ئۈچۈن ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. جۇڭگودا بىر قانچە سۇلالىلەر ئۆتۈپ ھوقۇق ئالماشقاندىن كېيىن ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەر يوقاپ كەتتى. ئەمما بۇلار ھازىر ياپونىيىدە بار. ياپونىيىلىكلەر جۇڭگو مەدەنىيىتىنى ئاساسەن تاڭ سۇلالىسىدە قوبۇل قىلغان. ياپونىيىلىكلەرنىڭ كىيىملىرىمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ كىيىمى. ئەگەر سىلەر شەنشى (陕西) ئۆلكىسىدىن چىققان يەرلىك چىنە ـ چەينەكلەرنى كۆرگەن بولساڭلار ياپونىيىلىكلەرنىڭ چايچىلىق ھۈنىرىدىكى چىنە ـ چەينەكلەر بىلەن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىسىلەر. ياپون تىلىدىمۇ ناھايىتى نۇرغۇن قەدىمكىي خەنزۇ تىلىنىڭ ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى ساقلىنىپ قالغان. بىزنىڭ بۇ يەردە بۇنداق نەرسىلەر ھەر ۋاقىت ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئەمما ئۇلار بۇلارنى ئۆزگەرتمەي ساقلاپ قېلىۋاتىدۇ. بىزدە سۇلالىلەر ئالماشسا، ھوقۇق ئالماشسا ئىلگىرىكى ئىزنالارنى پاكىز يوقىتىۋېتىمىز، بۇ مەدەنىيەتنىڭ جۇغلىنىشىغا پايدىسىز.

ياپونىيىلىكلەر غەرب مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشتا پەقەت غەم ـ ئەندىشىدە بولمايدۇ. ئۇلار ھەممىنى قوبۇل قىلىدۇ، ھەتتا بىر مۇنچە ئىسىملارنى مېخانىك رەۋىشتە قوبۇل قىلىدۇ، بەزىلىرىنى بىۋاسىتە ئىنگلىز تىلىدىن قوبۇل قىلىدۇ، ئەمما بۇ ياپونلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان نەرسىلىرىنى ساقلاپ قېلىشىغا قەتئىي تەسىر يەتكۈزمىگەن. مەسىلەن، ناخشا ـ ئۇسسۇل ماھارىتى، چايچىلىق ھۈنىرى، گۈل تىزىش، جۇدۇ

(ياپونچە چېلىشىش) قاتارلىق ئېسىل نەرسىلەرنى كۆرىدىغانغا تاماشىبىن بولمىسىمۇ، بازار بولمىسىمۇ دۆلەت پۇل خەجلەپ ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭدىن سىرت، بىز مەدەنىيەت چوڭ دۆلىتى قۇرىمىز، جۇڭگۇا مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ تىلىنى ۋە يېزىقىنى قوغدىشىمىز كېرەك.

بىز دائىم مەدەنىيەتكە تەبىر بېرىپ مەدەنىيەت دېگەن ئىدېئولوگىيە دەپ چۈشەندۈرۈۋاتىمىز. ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دائىرىسى ئىدېئولوگىيەدىنمۇ كەڭ. چۈنكى تىل- يېزىق ئىدېئولوگىيە ئەمەس. پەن- تېخنىكىمۇ ئىدېئولوگىيە ئەمەس، ناھايىتى نۇرغۇن مىللىي ئۆرپ- ئادەتلەرمۇ ئىدېئولوگىيە ئەمەس. مەسىلەن، چاغان ئۆتكۈزۈشتە، شىمالىي جۇڭگودا تۈگرە يېسە، جەنۇبىي جۇڭگودا پروژنە ۋە يۈەنشاۋ يەيدۇ، بۇ ھەرگىز ئىدېئولوگىيە مەسىلىسى ئەمەس.

خەنزۇ يېزىقى دۇنيا مەدەنىيىتىدىكى بىر بايلىق، خەنزۇ يېزىقىنىڭ ئۇچۇر مىقدارى ناھايىتى كۆپ. باشقا دۆلەتلەرنىڭ پىنيىن (تاۋۇشلارنى قوشۇپ ئوقۇش) يېزىقى باشقا مەنىنى ئەمەس، پەقەت بىر تاۋۇش بەلگىسىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەمما خەنزۇ يېزىقى ھەم شەكىلگە، ھەم تاۋۇشقا، ھەم مەنىگە ئىگە.

مەن ماۋجۇشىنىڭ مۇنداق بىر ھۆكۈمگە ھېلىھەم ناھايىتى گۇمان قىلىمەن. ئۇ، خەنزۇ يېزىقىنىڭ چىقىش يولى لاتىنلاشتۇرۇشتا، دېگەنىدى. ياش ۋاقتىمدا مەن ماۋجۇشىدىنمۇ بەك كەسكىن ئىدىم. مەن لۇشۈن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ «خەنزۇ يېزىقىنى يوقىتىش كېرەك» دېگەنلىكىگە تامامەن ئىشىنىمەن. 4 ـ ماي ھەرىكىتىگە كەلگەندە «خەنزۇ يېزىقىنى يوقىتىش» تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا چىقىپلا قالماي، ئەڭ كەسكىن بولغىنى ھەتتا بەزىلەر «خەنزۇ يېزىقىنى يوقىتايلى» دەپ تەلەپ قىلغان. ئۇلار خەنزۇ يېزىقى جۇڭگونى قالاق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى، جۇڭگونى قۇتقۇزىمىز دەيدىكەنمىز، ھەممە بىردەك خەنزۇ تىلىدا سۆزلەشمەسلىك كېرەك، دەپ قارىغان.

بۇلارنىڭ بۇ ئويى تولىمۇ قورقۇنچلۇق. ئەگەر ھەممىمىز ئىنگلىز تىلىدا، ياپون تىلىدا سۆزلەشسەك، جۇڭگو ھالاك بولمامدۇ؟ سەن ئۆز مىللىتىڭنىڭ تىلىدا سۆزلىيەلمىسەڭ، سېنىڭ يېگىنىڭ، ئىچكىنىڭ نەگە كەتتى؟ بۇنداق بولسا دۆلەت ھالاك بولماي نېمە بولماقچى! شۇڭا، خەنزۇ تىل- يېزىقىنى يوقىتىۋەتكىلى بولمايدۇ، ئۇنى يوقىتىۋېتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

خەنزۇ يېزىقىنى ئاددىيلاشتۇرۇش مۇئەييەن چەككە يەتتى.

مەن خەنزۇ يېزىقىنى ئاددىيلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىمەن. ھازىر بەزىلەر ھەدەپ شياڭگاڭ، تەيۋەنلەرنىڭ يېزىق ئۇسلۇبىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، كونا، مۇرەككەپ يېزىقنى تەكىتلەۋاتىدۇ. بۇنىڭ ھېچقانداق قىزىقى يوق، ئەھمىيەتسىز. بىز خەنزۇ تىلىنى، خەنزۇ يېزىقىنى، بۇ تىلدا بار بولغان بارلىق تىل قانۇنىيەتلىرىنى قوغدىشىمىز، ئاسرىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر.

ئۇنىڭدىن باشقا بىزدە ناھايىتى نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا دائىر قەدىمىي كىتابلار بار. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ پەخرى.

ھازىر بىزنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش دەرىجىسى ئىنتايىن ئېغىر، ھەقىقەتەن كىشىنى چۆچۈتىدۇ. بىز تېلېۋىزوردا كۆرگەنلەر پاش بولغان دېلولارغا كىرىدۇ. پاش بولمىغانلىرى توغرىسىدا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى سۆزلىتىدىغان بولساق، ھەقىقەتەن ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. يېقىندا شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چۈخۇ شەھىرى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ساياھەت تارماقلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، ساياھەت تارماقلىرى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى پاك- پاكىز قىرىۋېتىۋەتكەن، بۇنىڭغا ھازىر ئازراق جازا بەرگەندەك قىلىدۇ.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى بىر خىل بۇزغۇنچىلىق، يەنە كېلىپ سىياسىي بۇزغۇنچىلىق دېسەك، ئۇنداقتا ھازىر يەنىلا قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك بۇزغۇنچىلىقلار بار. شۇڭا، بىز مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە قەدىمىي كىتابلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، نەشر قىلىش، قېزىپ چىقىش ۋە قوغداش جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشىمىز كېرەك. بۇ خۇددى بىزنىڭ كاپىتالغا ئوخشايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، يەنە غايەت زور ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك.

دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر مەدەنىيەتتىكى ئۇل

ئەسلىھەگە تايىنىپ پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشۋاتىدۇ، ئۇلارنى جەلپ قىلىۋاتىدۇ.

ئاۋسترالىيە، ئۇنىڭدا مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەردىن ھېسابلانمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى دېڭىزدىكى قاراقچىلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى. ئىلگىرى ئۇلار بۇنىڭغا تەن بەرمەيتتى. ھازىر ئېتىراپ قىلىدىغان بولدى. ئەگەر سىدنېيدا ئوپېرا ئۆيى بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ ھازىرقىدەك بۇنداق ئاتىقى چىقمىغان بولاتتى.

فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىنى ئالساق، بۇ يەردىكى قۇرۇلۇشلار ھەقىقەتەن ئادەمنى تاڭ قالدۇرىدۇ. رۇف ئوردىسى دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ، پۈتۈنلەي ئىجادىي ئاڭ بىلەن مۇجەسسەملەنگەن. بېجىنىڭ رۇف ئوردىسىنىڭ ئىچىگە ئەينەك بىلەن پىرامىداسىمان ياپقۇچتىن بىرنى لايىھىلىگەن. بەزىلەر بۇنى تەنقىد قىلىشىدۇ. مەن بۇ سائەتنىڭ ئادىمى ئەمەس، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئالاھىدە بىر تەرىپىنى بايقىيالمىدىم ھەم ئۇنچە كۆزگە سىغمايدىغان تەرىپىنىمۇ چېلىقتۇرغىلى بولمايتتى. بىناكارلىق قۇرۇلۇشى دېگەن ئەنە شۇنداق مۇنازىرىگە يېقىن بولىدۇ ـ دە!

ئېيفېل مۇنارى ئۈستىدىكى مۇنازىرە تېخىمۇ كۆپ. مۇنداق بىر مەشھۇر ھېكايە بار: ئېيفېل مۇنارىنى ياسىغان چاغدا، بىر مەشھۇر شەخس بۇنى سېلىشقا ناھايىتى قارشى چىقىپ، سالماقلار دەپ ۋارقىراپ گاللىرى بوغۇلۇپ كېتىپتۇ. ئەمما بۇ مۇنار پۈتكەندىن كېيىن ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بىر نەچچە سائەت ئولتۇرىدىكەن. باشقىلار ئۇنىڭدىن، سىز ئېيفېل مۇنارىنى سېلىشقا ئەڭ قارشى چىققانغۇ؟ يەنە نېمىدەپ بۇنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدىڭىز؟ دەپ سورىسا، ئۇ، ئېيفېل مۇنارى پۈتكەندىن كېيىن پارىژنىڭ نەرىگىلا بارماي، بېشىمنى شۇنداق كۆتۈرسەملا كۆزۈمگە چېلىقىپ ئارام بەرمىدى، ئاخىر ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ بۇ مۇنارنى كۆزۈمدىن يىتتۇردۇم، ھازىر ئۇنىڭ ئۈستىدە 3 ـ 4 سائەت قەھۋە ئىچىپ ئولتۇرىمەن، ھەر ھالدا ئەتراپقا قارىسام ئۇ كۆرۈنمەيدۇ، دەپتۇ. مانا بۇ فرانسىيىلىكلەرنىڭ يۇمۇرى. سىز ئېتىراپ قىلىڭ ياكى قىلماڭ، ئېيفېل تۆمۈر مۇنارى ھازىر پارىژنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. پارىژدىكى قەدىمىي يادىكارلىقلاردىن يازلىق ئوردا، ۋېرسال سارىيى، پارىژدىكى بۇۋى مەريەم ئانا چېركاۋى قاتارلىقلارغا گەپ كەتمەيدۇ.....

فرانسىيىنىڭ «بىز مەدەنىيەت جەھەتتە دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت» دېگەن بىر دۆلەت سىياستى بار. فرانسىيە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە چوڭ دۆلەت ئەمەس. ئەمما ئۇ ئۆزىنى ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلى دەپ قاراپ، مەدەنىيەت ئۈستىدە توختالغاندا، ئامېرىكىنى نەزەرىگە ئىلىپمۇ قويمايدۇ. فرانسىيە تىلغا ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى ئالدى قوشۇلغۇچىلارنى تازىلاشتا (مۇتلەق ھەممىنى ئەمەس، بىر قىسمىنى) دۆلەت كۈچىدىن پايدىلانغان؛ ئۇلار ئىنگلىز تىلىدىكى ئالدى قوشۇلغۇچىلارنى كىرگۈزۈشكە رۇخسەت قىلماي، فرانسۇز تىلىنىڭ ئەسلىدىكى سۆزى يەنى لاتىن سۆزىدىن پايدىلانغان. ئەلۋەتتە، بىز بۇ يەردە بۇ سىياسەتلەرنى كۆچۈرۈپ كېلىشىمىز كېرەك دېگەنلىك ئەمەس، ئەمما بۇ بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

بېيجىڭ ھازىر چوڭ بىر تىياتىرخانا سېلىش لايىھىسى ئۈستىدە يەنىلا كەسكىن مۇنازىرە قىلىۋاتامدۇ. مەيلى قانداقلا مۇنازىرىدە بولمايلى، مېنىڭچە ئۇنى تېز سېلىپ پۈتتۈرۈش كېرەك. دۆلەت قۇرۇلغىلى يېرىم ئەسىردىن ئېشىپ كەتتى. تېخىچىلا بىز چوڭ تىياتىرخانا سېلىش لايىھىسى ئۈستىدە بەس ـ مۇنازىرە قىلىپ ئولتۇرساق قانداق بولىدۇ؟ ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ يىل بۇ قۇرۇلۇش باشلىنىدىغاندەك تۇرىدۇ.

مەدەنىيەت چوڭ دۆلىتى قۇرۇش سۈپىتىدە ناھايىتى كۆپ مەدەنىي پائالىيەتلەر بولۇشى كېرەك. مەدەنىي پائالىيەتلەر قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى.

دۇنيادىكى ناھايىتى نۇرغۇن دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە تايىنىپ داڭق چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئوبرازىنى تىكلىگەن. مەسىلەن، شوتلاندىيىنى ئالساق، ئۇ بىرلەشمە پادىشاھلىقنىڭ بىر قىسمى. شوتلاندىيىدىكى ئېدىنبورگ ئۇنچە چوڭ ئەمەس، ئەمما ئۇلارنىڭ سەنئەت بايرىمى دۇنياغا داڭلىق، بەزى دۆلەتلەرنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى، پىۋا بايرىمى، كارنىۋال بايرىمى ۋە ئۈزۈم ھارىقى بايرىمى قاتارلىقلار ئاشۇ دۆلەتلەرنىڭ ساياھەت ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت ئوبرازىنى يارىتىشتا ئىنتايىن چوڭ رول ئوينىغان.

مەن يەنە مەدەنىيەت سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەكلىكى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن. ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەتنىڭ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، مەدەنىيەت سانائىتىنىڭ ئىقتىسادىدا ئىگىلىگەن سالمىقى بارغانسېرى ئېشىۋاتىدۇ.

ئادەتتە، ئاز ـ تولا سەرخىللىق تېپىنى ئالغان زىيالىيلار ئامېرىكىنىڭ سۈپەتسىز مەدەنىيىتىنى، ئامېرىكىنىڭ ئاممىباپ مەدەنىيىتىنى كۆزگە ئىلمايدۇ؛ ياكى ئۇنى «كەنجى مەدەنىيەت» دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى ئۇنى مەدەنىيەت دەپ ئېتىراپ قىلمايدۇ. قانداقتۇر ناخشا چولپىنى، ماكدونالد، كوكا ـ كولا، ئىرغاڭلاپ ئوينايدىغان ئۇسسۇل دەمدۇ، ئىشقىلىپ ھوللىۋۇدقىچە.... سىز بۇلارنى كۆزگە ئىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. بىراق، سىز چوقۇم ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئېتىراپ قىلىشىڭىز كېرەككى، ئامېرىكا مانا مۇشۇ نەرسىلەرگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى تىكلەۋاتىدۇ.

مەن ھازىر تولىمۇ غەلىتە ھېس قىلىمەن: بىزنىڭ جۇڭگودا ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر ئامېرىكىغا بېرىشنى ناھايىتى ئارزۇ قىلىشىدۇ. بەزىلەر ئۇ يەرگە بېرىپ ئىشلەمچى بولغان بولسا، يەنە بەزىلەر خانىۋەيران بولۇپ كەتتى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئامېرىكىغا بېرىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلىشىدۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇ ئۇلارنىڭ ئەقلىي بىلىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى ئۇلار ئامېرىكىدا پۇل ناھايىتى جىق، ئۇ يەردە ناھايىتى ئېگىز بىنالار بار دەپ بىلىدۇ.

بىراق مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ئۇلارنىڭ ئامېرىكىغا بولغان بۇنداق چوقۇنۇشى ئاساسەن ھوللىۋۇدتا ئىشلەنگەن كىنولارنى كۆرۈش تەسىرىدىن بولغان. ھوللىۋۇدتا ئىشلەنگەن كىنولاردا ئۆيلەر شۇنچە ئېگىز، شۇنداق كەڭتاشا، ماشىنىلار شۇنچە يېڭى، ئۇلارنىڭ سۈرئىتىمۇ شۇنچىلىك تېز، قىز چولپانلارنىڭ ھەممىسى شۇنچىلىك چىرايلىق، ھوللىۋۇدتا ئىشلەنگەن كىنولارنىڭمۇ ئەلۋەتتە قاراڭغۇ تەرەپلىرى بار. قوراللىق ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتقان، تۇتقۇن قىلىۋاتقان.... بۇلار گەرچە سودا ساھەسىدىكى نەرسىلەر بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىنى، ئامېرىكىنىڭ قىممەت قارىشىنى، ئامېرىكىنىڭ شەھەر، يېزىلىرىنى، ئامېرىكىنىڭ مەنزىرىلىرىنى، ئامېرىكىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل تەشۋىقات كۆڭۈل ئېچىش، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش، غىدىقلاش خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، بەزى بىمەززە، سەزگۈ ئەزالارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش جەريانىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتىدۇ. بۇنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ.

ياۋروپا جېنىنىڭ بارىچە ئامېرىكا بىلەن بەسلىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھېچقانچە ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىدى. فرانسىيە ھوللىۋۇدتا ئىشلەنگەن كىنولارنى قويۇشتا بەزىبىر چەكلىمىلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ (مەركىزىي خەلق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 6 ـ يۈرۈش پروگراممىسىدا ياۋروپانىڭ بەزىبىر كىنولىرىنى تونۇشتۇرۇۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلار ياۋروپانىڭ ئەڭ ئېسىل كىنولىرىنى تونۇشتۇرۇۋاتامدۇ ـ يوق، بۇ تەرىپىنى تازا ئېنىق بىلمەيمەن). فرانسىيە كىنو ئىشلەشكە ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىدۇ. ئىتالىيىنىڭ كىنولىرىمۇ ناھايىتى ياخشى، پۈتۈن دۇنيادا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بىراق، ئامېرىكىنىڭ ئاممىباپ مەدەنىيىتى كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك پسىخىكىسى، كۆڭۈل ئېچىش پسىخىكىسىغا ناھايىتى مايىل بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ رولىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ.

جۇڭگونىڭ بۇ خىل تۈزۈمدە قاچانمۇ كۆپلىگەن مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلارمىز؛ ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساق «چەتكە تەشۋىق» قىلىپلا قالماي، تاشقى پېرېۋوتمۇ يارىتالىغان بولاتتۇق. مەن شۇنداق كۈنلەر كېلىشى كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

بۇ ئىشلارمۇ بەك ئاۋارىچىلىك ئىكەن. بىر مەھەل جۇڭگونىڭ كىنولىرىغىمۇ «ئوت كەتتى». ئەلۋەتتە بۇ يەردە نۇرغۇن سىياسىي ئامىللار بار. مەملىكەت ئىچىدە بەس ـ مۇنازىرىلەرمۇ كۆپ بولدى. مەسىلەن، ئاشۇ كىنولاردا جۇڭگولۇقلارنىڭ قالاقلىقىنى ئاڭلىق ھالدا ئىپادىلىدىمۇ ـ يوق دېگەندەك. بەزىلەر جۇڭگولۇقلارنىڭ خۇراپىي، تازىلىققا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، ھەتتا بەتبەشرە تەرەپلىرىنى كىنو قىلىپ ئىشلەپ، چەت دۆلەتلەرگە سېتىشتى. بىراق بۇ نەرسىلەر بەك ئۆلۈك بولۇپ قالسا، ئىجادىيەتتە قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ. مەسىلەن، «قىزىل پانۇسنى ئېگىز ئاسىلى» دېگەن فىلىمگە ھەتتا تەيۋەنلىكلەرمۇ قارشى چىقىپ، نەدىمۇ ئۇنداق قالاق ئىشلار

بولسۇن، جۇڭگولۇقلارنى ئۇنچىلىك دۆت، قالاق كۆرسە-
تىپ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ دېيىشتى. ئەمما، مەن شەخسەن بۇ
فىلىمگە ئۇنچە قارشى ئەمەسمەن. چۈنكى، سىز ئۇنداق
دەپ قارىسىڭىز بولمايدۇ ـ دە! بۇ جۇڭگوغا ۋەكىللىك
قىلىدۇ، ھەربىر فىلىم جۇڭگوغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، دېسەك
بۇ ئىشتىن كاشىلا چىقىدۇ. كىنو ئىشلىگىلى بولماي قالىدۇ.
كەچكىچە «دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمى»نى ئىشلىسەكمۇ،
ئەمما ئالۋاستىلارنىڭ ياقتۇرۇپ كۆرۈشى ناتايىن.

مەدەنىيەت سانائىتى، مەدەنىيەت ئېكسپورتى جەھەتتە
مېنىڭچە جۇڭگودا يەنىلا ياخشى شەرت ـ شارائىتلار بار.

بۇ جەھەتتە، ياپون، كورېيلەر ناخشا ـ ئۇسسۇل ما-
ھارىتىنى، چايچىلىق ھۆنىرىنى ئورۇنداش ئۇچۇن قانچە-
لىك پۇل كېتىشتىن ئايانمايدۇ. مەن مىنىستىر بولۇپ
ئىشلەۋاتقان يىللاردا، بىر قىسىم ياپونىيىلىكلەر جۇڭگوغا
كېلىپ خەلق سارىيىدا چايچىلىق ھۆنىرىنى ئورۇندىدى.
بۇ ئويۇنغا يولداش ۋاڭ جېنمۇ قاتناشتى. ئۇلار شۇنچە
كۆپ پۇل خەجلەپ ئويۇن كۆرسەتكەن بىلەن ئەمما
ھېچبىر ئادەم ئۇلارغا ئالاھىدە ئىنكاس قايتۇرمىدى.
جۇڭگولۇقلار ئۇنىڭغا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. بىزنىڭ
تۇرمۇش رىتىممىزمۇ جىددىي، بىزنى سۇنئىي قىياپەتتە
بىر ئىستاكان چاينى خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ئىچ دېسە چى-
دىمايمىز. ئەمما ياپونلار بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ. ئۇلار
باشقىلارنىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشى بىلەن چاتىقى
يوق ئۆزىنىڭ نەرسىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا، قوغداشقا
تىرىشىدۇ. كورېيىمۇ شۇنداق.

بىز پەقەت ئامېرىكىنىڭ بىزگە بولغان تەسىرىنىلا
كۆرمەسلىكىمىز كېرەك. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭمۇ ئامېرىكىغا
خېلى تەسىرىمىز بار. مەن يېقىندا دۇفۇ ۋە توگلىتىلغان
تۇگرىلەر (جۇۋاۋا)نى سۆزلەپ ئۆتتۈم. پۇرچاق ئۇندۇر-
مىسىنىڭ ياخشىلىقىنى چەت ئەللىكلەرمۇ ئېتىراپ قىلىشتى.
ئامېرىكىلىقلار ئىچىدە جۇڭگونىڭ يەل گۇمپىسى، تەيجى
گۇمپىسىنى مەشىق قىلىدىغانلارمۇ بارغانسېرى كۆپىيىۋا-
تىدۇ. ئامېرىكىلىقلار ئۆگەنگەن تەيجى گۇمپىسى تازا
تەيجى گۇمپىسىغا ئوخشىمايدۇ. بۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ
بوي ـ بەستى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. مەدە-
نىيەت ئالماشتۇرۇش جەريانىدا شەكلى ئۆزگەرگەن پەرق-
لەرنىڭ كېلىپ چىقىپ، تارماقلارغا تەرەققىي قىلىشى

ناھايىتى نورمال، بەزىدە ناھايىتى ياخشى ئەھۋال. مەسە-
لەن، بۇددا دىنى جۇڭگوغا كىرگەندىن كېيىن چەن مەز-
ھىپى بارلىققا كەلدى. بۇ جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن بىر-
لىشىپ كەتتى، ناھايىتى ياخشى ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ تەيجى
گۇمپىمىزمۇ ئامېرىكىغا بارغاندىن كېيىن ئامېرىكىچە تۈس
ئالغان، كىم بىلىدۇ، يەنە 10 يىلدىن كېيىن يەنە قانداق
ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ؟

يەنە يىگىنە سانجىپ داغلاش...

جۇڭگونىڭ پەلسەپىسى، لاۋزى، جۇاڭزىلارنىڭ پەل-
سەپىلىرى...

مېنىڭ گېرمانىيىدە بىر خەنزۇشۇناس ئالىم دوستۇم
بار، ئۇنىڭ ئايالى تەيۋەنلىك. ئۇلار خېلى ئۇزاق يىل ئۆي
تۇتقان بولسىمۇ، ئەمما ھېلىقى خەنزۇشۇناس دوستۇم ئا-
يالىنى قويۇۋېتىپ، گېرمانىيىلىك قىز بالىدىن بىرنى تاپ-
قان. ئۇنىڭ خانىمى ئاچچىقلاپ ماڭا: شەيتاننىڭ نېمە ئە-
كەنلىكىنى بىلەمسىز؟ گېرمانىيىلىكلەرنىڭ سوغۇق، شەپ-
قەتسىزلىكى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرگە ئۇستىلى-
قى! مېنىڭ ئېرىم «لاۋزى»نى يادقا بىلىدۇ، «جۇاڭ-
زى»نىمۇ ئالاقويماي كۆرۈپ بولدى. بۇنداق ئادەملەر
بىلەن قانداق ئۇرۇشالايسىز؟ بۇ بەك قورقۇنچلۇق، مانا
بۇنداق ئادەمنى شەيتان دەيمىز! دېگەن. بۇ ئەلۋەتتە، بىر
چاقچاق.

بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ رادىئاك-
تىپلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنى چەت ئەل-
لىكلەرنىڭمۇ قوبۇل قىلالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بىز ئېيتىۋاتقان مەدەنىيەت چوڭ دۆلىتى قۇرۇش
ھەرگىز ئالغا باسماي بىر ئىزدا توختاپ قېلىش بولماي،
بەلكى دۇنيادىكى بارلىق ئىلغار، پايدىلىق نەرسىلەرنى
تېخىمۇ ئېچىۋەتكەن ھالدا قوبۇل قىلىش، ھەزىم قىلىش
دېگەنلىكتۇر. پەقەت مۇشۇ خىل ئەھۋالدىلا ئاندىن بىر
مەدەنىيەت چوڭ دۆلىتى بولغىلى بولىدۇ. بولمىسا ئەڭ
كۆپ بولدى دېگەندە، مەدەنىيەت جەھەتتە «كىچىك»
دۆلەت بولغىلى بولىدۇ. قانچە مەدەنىيەت دۆلىتى بولغاد-
سېرى ئۆزۈڭنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئوخشىمايدىغان نەر-
سىلەرنى، پايدىلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشقا شۇنچە
جۈرئەت قىلىشىڭ كېرەك. مەدەنىيەت چوڭ دۆلىتى قۇ-
رۇش ھەرگىز بېكىنمە ئۇقۇم ئەمەس، ھەرگىز ئىشىكنى

ئىچىدىن چىلىق ئېتىۋېلىپ ئۆز ـ ئۆزىنى كۆپتۈرۈپ ماختاش ئەمەس. مەدەنىيەت چوڭ دۆلىتى بولىمىز دەيدىكەنمىز، سىرتتىن كىرگەن ئىلغار مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەتتىكى ئاجىز نۇقتىلىرىمىزغا توغرا قارىشىمىز كېرەك.

بىز شۇنچە ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە تۇرۇپ، يەنە نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ تەبىئىي پەنلىرىمىز، بىزنىڭ سانائەت تېخنىكىمىز ئارقىدا قالدى؟ بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەركىبىدە دەللىچىلىككە دائىر ئەنئەنىلەر تولىمۇ كەمچىل ئىكەن، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىش ھەققىدە ۋەزخانلىق قىلىپ، چوڭ ـ چوڭ ئۇقۇملارنى تەھلىل قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ بارىدۇ. بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزدە قالاق، خۇراپىي نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىز سىرتتىن كىرگەن نەرسىلەرنى قوبۇل قىلساقلا ئۇ ئۆزىمىزنىڭ نەرسىلىرىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

مېنىڭ دېگەنلىرىم توغرىمۇ ـ ئەمەسمۇ تازا بىر نېمە دېيەلمەيمەن. چۈنكى، مەن بۇ جەھەتتە مۇتەخەسسىس ئەمەس. مەسىلەن، بالېت ئۇسسۇلى مۇتلەق چەتتىن كىرگەن نەرسە. ئەمما جۇڭگو ئارتىسلىرى بالېت ئۇسسۇلىنى ئوينايدىغان بولسا ئوخشىمايدىغان جازىبە چىقىدۇ. بۇ بەلكىم بىزنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشىمىز، تەبىئىتىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ياۋروپا ئۇسلۇبىدا ناخشا ئېيتىشمۇ شۇنداق. سىز گەرچە ئىتالىيان تىلى بىلەن ياۋروپا ئۇسلۇبىدا ناخشا ئېيتسىڭىزمۇ، بىراق جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاھاڭىدىن ئاز ـ تولا شەرقچە پۇراق، بىرخىل تاتلىق سېزىم چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ ياۋروپانىڭ تولۇق، ئىنتايىن ھەيۋەتلىك، داغدۇغىلىق ئاۋاز ئۈنۈمىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ.

مېنىڭچە، كۆڭۈلدە سان بولۇشى كېرەك. يەنى مەن بىر مەدەنىيەت دۆلىتىمۇ، ئەمەسمۇ دېگەن سان بولۇشى كېرەك. نۇرغۇن پائالىيەتلەر، نۇرغۇن ئەسلىھەلەر، نۇرغۇن سىرتقا قارىتا رادىئاكسىيلەر ۋە نۇرغۇن مەبلەغ سېلىشلاردىن سىرت، سېنىڭ مەدەنىيەت چوڭ دۆلىتى ئىكەنلىكىڭنى دۇنياۋى دەرىجىلىك مەدەنىيەت سەرخىللىرى مەدەنىيەت ئۇستازلىرى بەلگىلەيدۇ. بۇ، بىر دۆلەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى، بىر دۆلەتنىڭ ساپاسى.

مۇنداق بىر ئىش مېنى ئىزچىل تەسىرلەندۈرۈپ كەلمەكتە. ھەرقېتىم تىلغا ئالسام شۇنچە تەسىرلىنىمەن: گېرمانىيە ۋەدىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قوزغىغاندا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەڭ كېلەلمەي پۈتۈن لىنىيە بويىچە ئارقىغا چېكىنگەن. 1941 ـ يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى خاتىرىلەشتە موسكۋادا پارات بولغان. ستالىن نۇتۇق سۆزلىگەن، ئۇ گېتلېر گېرمانىيىسىنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ ھۇجۇم قوزغىغانلىقىنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېگەن: «گېتلېر بىزنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، ئۇ كىمنى يوقاتماقچى؟ ئۇ پۇشكىن، تولستوي، تورگېنىفقا ئوخشاش گىگانتلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن بىر مىللەتنى يوقاتماقچى. ئۇ لومونوسوف، مىندىلىيۋغا ئوخشاش ئىلىم ـ پەن ئالىملىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مىللەتنى ھالاك قىلماقچى، ئۇ چايكوۋىسكىغا ئوخشاش مۇزىكانتلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن بىر مىللەتنى نابۇت قىلماقچى، بۇ مۇمكىنمۇ؟». ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى نۇتۇقى ھەقىقەتەن تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلىدىغان شىجائەت بىلەن سۇغۇرۇلغانىدى. ستالىن ھەقىقەتەن ياخشى سۆزلىگەنىدى، ستالىننىڭ گەرچە 10 مىڭ تۈرلۈك كەمچىلىكى بولغان تەقدىردىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ نۇتۇقىغا قايىل بولمىسىڭىز بولمايدۇ.

بۇ جەھەتتە بىزنىڭ جۇڭگومۇ قالاق ئەمەس. ئەگەر كىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتىنى، جۇڭخۇا مىللىتىنى يوقىتىمەن دەپ ئويلايدىكەن، بىزمۇ شۇنىڭ سەممىگە سېلىپ قويايلىكى، ئۇ كوڭزى، لاۋزى، مېڭزىلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مىللەتنى يوقىتالامدۇ؟ ئۇ چۈيۈەن، لى بەي، دۇفۇ، سى ماچيەن، ساۋشۆچىنگە ئوخشاش شەخسلەرنى ئاپىرىدە قىلغان بىر مىللەتنى يوقىتالامدۇ؟

بىراق، بىز شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىجىللىق ھېس قىلىمىز. بىزنىڭ يېقىنقى، ھازىرقى، بۈگۈنكى زاماندا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلىرىمىز كۆپ ئەمەس، ئەمما جاھان ئېتىراپ قىلىدىغان چوڭ ئالىملار، مەشھۇر پەيلاسوپلار يوقمۇ ئەمەس. سىياسىي داھىيلىرىمىزدىن ماۋزېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭغا ئوخشاش مۇنەۋۋەر شەخسلىرىمىزمۇ بار. بىراق بىزدە يەنىلا كەسپىي ئەدەبىياتچى، مۇزىكانت، رەسساملار بولۇشى كېرەك. بىزدىكى چى بەيشى، شۇ بېيخۇڭلار

ئازلىق قىلىدۇ.

مۇشۇنداق مەشھۇر ئادەملىرى بار مىللەت بىلەن مەشھۇر ئادەملىرى يوق مىللەت زادىلا ئوخشىمايدۇ. بۇنداق مەشھۇر ئادەملىرى بار مىللەتنىڭ ھەيۋىسى، ئەنچى، ھەتتا ئىززەت ـ ھۆرمىتمۇ ئوخشىمايدۇ.

بەزىدە مەن يەنە خۇرسىنىمەن، 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسپانىيە پادىشاھى قازا قىلدۇ، ئۇنىڭ ئوغلى كارلوس، يەنى ھازىرقى ئىسپانىيىنىڭ پادىشاھى پادىشاھلىق سالاھىيىتى بىلەن بېيجىڭغا زىيارەتكە كېلدۇ. بۇ چاغدا دېڭ شياۋپىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىلىق سالاھىيىتى بىلەن ئۇنى كۈتۈۋالدۇ. ئۇنى قارشى ئېلىش زىياپىتىدىن مەن تولىمۇ خۇرسىنىپ كەتكەنىدىم. باشقىلار دىققەت قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مەن ناھايىتى دىققەت قىلدىم، دېڭ شياۋپىڭ سۆزلەپ كېلىپ ئىسپانىيە ئۇلۇغ بىر مىللەت، سىلەردە سېرۋانتىسقا ئوخشاش يازغۇچىلار چىققان، دېگەنىدى. سېرۋانتىسنىڭ «دونكىخوت» دېگەن رومانى ھەجۋىي، مەسخىرە بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇ ھەرگىز روماندا ئىسپانىيىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تەشۋىق قىلمىغان. ئەلۋەتتە، دونكىخوت بىر ئەدەبىيات تىپى. ئۇنىڭ كاجلىق، غايە، تۈزلۈك ۋە ئاق كۆڭۈل تەرەپلىرى بار. ئەڭ بولمىدى دېگەندە، ئۇ بىر قەھرىمان شەخس ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، ئۇ بىر ئىجابىي شەخس. خۇددى لۇشۈن ئەپەندىگە ئوخشاش. لۇشۈن يازغان AQ جۇڭگوغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بىراق لۇشۈن دېگەن بۇ ئىسىم ئىجابىيدۇر. لۇشۈن دېگەن بۇ ئىسىم جۇڭگودىكى قاتتىق سۆڭەك دېگەنلىكتۇر. لۇشۈندىكى ئەقىل ـ پاراسەت بولسۇن، سەگەكلىك بولسۇن، ئىدىيىسىدىكى چوڭقۇرلۇق بولسۇن، ياكى ئۇ بىر ۋەتەنپەرۋەر بولسۇن ئۇ بىر ئىجابىي ئوبرازدۇر.

مېنىڭچە، بىزنىڭ دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن بۇ مەسىلە ناھايىتى مۇھىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ نەرسىلەرنى بېكىتەۋېلىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، «بىز ئۇستاز دەرىجىلىك مەشھۇر شەخستىن 20نى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىز كېرەك» دەپ ھەرگىز مەيدىمىزگە مۇشتلىيالمايمىز. «ئۇستاز دەرىجىلىك مەشھۇر شەخستىن 20»نى نا ـ بۇت قىلىۋەتمىسەكمىزلا ئاللاغا رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ. بىز بۇ مەسىلىنى پەقەت ئوبيېكتىپ ھالدا مۇھاكىمە قىلالايمىز. بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇشى، ئۆز مەدەنىيىتى ئارقىلىق دۇنيا مەدەنىيىتىگە گەۋدىلىك تۆھپە قوشالايدىغان بولۇشى كېرەك.

مەدەنىيەت قۇرۇلۇش جەھەتتە، ھەرخىل زىيانلىق مەدەنىيەت ئىدېئولوگىيىسى، مەدەنىيەت ھادىسىسى، مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن كۈرەش قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت. بۇنىڭدىن ساقلىنىشقا بولمايدۇ.

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مۇقەررەر ھالدا ياخشى نەرسىلەرمۇ، ناچار نەرسىلەرمۇ بولىدۇ. ناچار، ساختا مەھسۇلاتلار بەزىدە مەدەنىيەتتە ئىپادىلىنىپ قالىدۇ. «شەھۋەت، قىمار، زەھەر»گە ئوخشاش نەرسىلەر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى مەسىلىلەر، بىز بۇنى جەمئىيەت ئامانلىقىنى تۈزەش جەھەتتىن ئويلىشىشىمىز، مۇھاكىمە قىلىشىمىز كېرەك، بىر تەرەپتىن ئۇ ھەم مەدەنىيەت مەسىلىسىگە ياتىدۇ.

مېنىڭ بىلىشىمچە، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ئىلگىرى جۇڭگودا كۆپ ئەمەس ئىدى، ھازىر بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى. بەزى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياش خادىملارنىڭ زەھەرلىك چېكىملىكنى يېڭى تەجرىبە سۈپىتىدە سىناپ باققۇسى كېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

«شەھۋەت، قىمار، زەھەر»نى پەرقلەندۈرۈش بىر قەدەر ئاسان، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇن ـ پەرمانلىرىغا خىلاپ. بىراق شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاسان پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان بىر مۇنچە نەرسىلەرمۇ بار. مەسىلەن، مودېرنىزملىق سەنئەت دېگەنگە ئوخشاش زامانىۋى مودېرنىزملىق سەنئەتنىڭ ئىچىدە قايسىلىرى ئىجادىيەتكە مەنسۇپ، قايسىلىرى كونا ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلارغا خىرىس قىلغانلىق بولىدۇ؛ قايسىلىرى ئالدىراپ بازارغا سالىدىغان، يۈزە، سالمىقى يوق، ئۆزگىچە يېڭىلىق يارىتىلغان نەرسىلەر، يەنە قايسىلىرى ئادەم ئالدايدىغان، ئەخلەت نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. بىراق ھازىر بۇلارنى پەرقلەندۈرۈش ئىنتايىن قىيىنلىشىپ كەتتى. بەزىدە يولداش جىن شاكېي بىلەن پىكىر ئالماشتۇرىمىز. ئۇ: ھازىر ئوقۇغۇچىلار بارغانچە بولماي قېلىۋاتىدۇ، ئۇلارنى

MIRAS

باشقۇرماق تەس بولۇپ كېتىپ بارىدۇ. ئۆزگىچە يېڭىلىقلارنى بازارغا سېلىشقا ئالدىراپ كېتىپ بارىدۇ، دەيدۇ. بىراق ئۆزگىچە يېڭىلىق يارىتىش ھەرگىز يامان ئىش ئەمەس. يولداش جياڭ زېمىن: «يېڭىلىق يارىتىش بىر مىللەتنىڭ روھى، يېڭىلىق يارىتىش بولمىسا، بىر ھاكىمىيەت، بىر دۆلەت ھالەك بولىدۇ»، دېگەن. باش شۇجى جياڭ زېمىن يەنە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»نى، «ئۈچتە يېڭىلىق يارىتىش»نى ئوتتۇرىغا قويدى (يەنى، نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش، تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىش، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش).

يېڭىلىق يارىتىش بىلەن بىرگە، قارىماققا توغرىدەك كۆرۈنگەن خاتا نەرسىلەر پەيدا بولۇۋاتىدۇ. بەزى نەرسىلەرنى چۈشەندۈرمەك ناھايىتى قىيىن. ئۇنى ئىجابىي چۈشەندۈرۈشكىمۇ، سەلبىي جەھەتتىن چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. بەزى نەرسىلەر گەرچە ساختا، ناچار بولمىسىمۇ، ئەمما ناھايىتى يۇزە. يۈزەكى يېڭىلىقلار «بىز مەدەنىيەت چوڭ دۆلىتى قۇرىمىز، دېمىگەنمىدۇق؟ توغرا، ئۇنداق بولسا مەدەنىيەتتە ئۆزگىچە يېڭىلىق يارىتىشقا توغرا كېلىدۇ. كېيىنكى مودېرنىزملىق نەزەرىيە سۇبيېكتىپ ۋە باشقىلارنىڭ نەزەرىيىسى، كۆرىدىغان ۋە كۆرۈلىدىغان نەزەرىيە». نېمىنى سۇبيېكتىپ دەيمىز؟ نۆۋەتتە خەلقئارادا ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن، غەربتىكى تەرەققىي قىلغان ئەللەرنى كۆرسىتىدۇ. باشقىلارنىڭ نەزەرىيىسى دېگەن نېمىگە قارىتىلىدۇ؟ ئۇ ئاساسەن ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنى كۆرسىتىدۇ. كۆرۈش بىلەن كۆرۈلۈشچۇ؟ جىنىڭ بارىچە تىرىشىپ ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىۋاتقان ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنى، ئاجايىپ ـ غارايىپ ئوبراز بىلەن غەربتىكى تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ ھەۋەس ـ ئىشتىياقىنى قاندۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. قاراڭ، بىزنىڭ دۆلىتىمىز نېمىدېگەن غەلىتە ـ ھە! سىلەر بولىكىنى ئاغزىڭلاردا يېسەڭلار، بىز بۇرنىمىزدا يەيمىز.

مەن ئەدەبىيات جەھەتتىكى بىر مىسالنى سۆزلەپ بېرەي:

كولومبىيىلىك يازغۇچى گارسىيە ماركوس ھازىرقى زامان ئەدەبىيات مۇنبىرىدە ناھايىتى چوڭ تەسىرگە ئىگە بىر يازغۇچى، ئۇ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، ئۇنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق»، «ئەنسىز يىللاردىكى مۇھەببەت» دېگەن مەشھۇر ئەسەرلىرى بار. ئۇ سېھرىي رېئالىزمنىڭ ۋەكىلى، ئۇ لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ئىنتايىن غەلىتە، ئىنتايىن سىرلىق قىلىپ يازغان. ئۇ ھەقىقىي ۋە ساختا، خىيالىي، چۈش، ئەپسانە ۋە خەلق رىۋايەتلىرىنى بىر ـ بىرىگە يۇغۇرۇۋەتكەن، ئىنتايىن ياخشى يېزىپ چىقىپ زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان.

مەملىكىتىمىزدىكى بەزى ياش يازغۇچىلار ئۇنىڭغا بېشى يەرگە يەتكۈدەك تەزىم قىلىشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. مەسىلەن، ۋاڭ ئەنيىنىڭ «شاۋباۋجۇاڭ»، خەن شاۋگۇڭنىڭ «ماچاۋ لۇغىتى»، مويەننىڭ «قىزىل قوناقلىقتا» قاتارلىقلار... يەنە بىر مۇنچە مىساللارنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

بىراق بەزىلەر: گارسىيە ماركوس ئاڭلىق يوسۇندا لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ئاجايىپ ـ غارايىپ يېزىپ چىقىپ، غەربتىكى تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ ھەۋىسىنى قاندۇردى، دېيىشىدۇ. بۇ مەسىلە ھەقىقەتەن مەۋجۇت. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن، ناھايىتى كۆپ مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن كىنولار بار. مەن جاڭ يىمۇغا ناھايىتى قايىل، ئۇ بىر مۇنەۋۋەر سەنئەتكار، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ غەربنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرىدىغان نەرسىلەر بار. بۇنىڭغا ئاچچىقلىنىش ھاجەتسىز. بىراق، پەقەت مۇشۇنىلا قانائەتلەندۈرۈش بىلەن بولسا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئاستا ـ ئاستا جۇڭگونىڭمۇ قىزىقى قالمايدۇ.

مەدەنىيەت چوڭ دۆلىتى قۇرۇش مەدەنىيەت تارماقلىرىنىڭلا ئىشى ئەمەس. ئۇ ناھايىتى كەڭ بىر ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردىكى مەدەنىيەت ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەبىر بەرگەندە، كىشىلەر تەرىپىدىن ئىجاد بولۇۋاتقان، شەكىللىنىۋاتقان، تەربىيىلىنىۋاتقان، قۇرۇلۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەت دەپ ئاتىلىدۇ. سانائەتمۇ، يېزا ئىگىلىكىمۇ، تاماق يېيىش، نىكاھ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەت. چۈنكى ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ ياشاش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ، ھايۋانلارغا ئوخشىمىغاننىڭ ھەممىسى مەدەنىيەتتۇر.

شۇڭا، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش مەسىلىسى بىر



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئومۇمىيۈزلۈك مەسىلە بولۇپ، ھەرگىز مەدەنىيەت تارماقلىرىنىڭلا مەسىلىسى ئەمەس. ئۇ پۈتۈن مىللەتنىڭ مائارىپ دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدىن ئايرىلالمايدۇ. مەلۇم مەنىدە، مائارىپ بەلگىلەش رولىنى ئوينايدۇ.

بىزنىڭ دۆلىتىمىزنى ئىقتىساد جەھەتتە جېنىنىڭ باردەچە ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان، تېخى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتەلمىگەن (ھەرقانچە ئالدىرىسىڭىزمۇ بىكار) بىر دۆلەت دېيىشكە بولىدۇ. بىراق شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىز ناھايىتى تەربىيە ئالغان دۆلەت بولۇشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى بولغان ھەم ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىمىزنى ئاڭلىق قوغدايدىغان، بارلىق ئىلغار مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلىدىغان، ئەخلاقلىق، تېخىمۇ ئالىيجاناب بىر دۆلەت بولۇشىمىز كېرەك ئىدى، ئەمما دۆلىتىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالى بىلەن بىزنىڭ ئەنئەنىمىز، ئورنىمىز مۇناسىپ كەلمەي قېلىۋاتىدۇ. ھازىر جەمئىيەت كەيپىياتى بۇزۇلۇپ كەتتى، ئەخلاقسىزلىق، قەبىھ جىنايەتلەر يامراپ كەتتى، بۇ كىشىنى چۆچۈتىدۇ!

مەدەنىيەت چوڭ دۆلىتى قۇرۇش ئىنتايىن ئومۇمىيۈزلۈك، ئىنتايىن ئۇلۇغۋار غايە ۋە قۇرۇلۇش، بۇ ئىش ھەر بىرىمىزنىڭ خىزمىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

مېنىڭچە، بۇ بەك چوڭ تېما بولغاچقا مەن ئوتتۇرىغا قويغان بۇ پىكىرلەر يۈزە بوپقالغان بولۇشى مۇمكىن. ھازىر مەن مەدەنىيەت رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ تۇرمىغاچقا، تېخىمۇ كۆپ كونكرېت لايىھەلەرنى ئوتتۇرىغا قويالمىدىم. مېنى خۇش قىلىدىغىنى ھازىر مەركەزدىكى يېڭى گوۋۇيۈەندىكى رەھبەرلەر مەدەنىيەت قۇرۇلۇش خىزمىتىگە بارغانچە ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. بىر قېتىم، زۇڭلى جۇرۇڭجىنىڭ دۆلەت مۇزېيى قۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدىكى يەتكۈزگەن دوكلاتىنى ئاڭلىدىم. بىز «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش مەسىلىسىگە بارغانچە ئەھمىيەت بېرىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، شۇنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇكى، جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇش مەسىلىسىدە، «مەدەنىيەت چوڭ دۆلىتى قۇرۇش» دېگەن بۇ مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلسۇن ياكى ئوتتۇرىغا قويۇلمىسۇن، ئىشقىلىپ بىزنىڭ مەدەنىيەت ئوبرازىمىز، بىزنىڭ مەدەنىيەت تەركىبىمىز، بىزنىڭ مەدەنىيەت سالمىقىمىز ۋە بىزنىڭ مەدەنىيەت مەنزىلىمىز يەنىلا كىشىنى چەكسىز ئۈمىدلەندۈرىدۇ، كىشىگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ.

(بۇ يازغۇچى ۋاڭ مېڭنىڭ 2001 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مەركىزىي مەدەنىيەت باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتىدا بەرگەن لېكسىيىسى بولۇپ ئۇنىڭ «كائىناتنى قۇچاقلاپ» ناملىق ئەسەرلەر توپلىمىدىن ئېلىندى).

**شۆھرەت مۇھەممەد** تەرجىمىسى

(تەرجىمان: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەرجىمە تەھرىر باشقارمىسىدا)

## تۈزىتىش

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

ئاپتور ئەۋەتكەن ئورىگىنالدا شۇنداق يېزىلغانلىقى سەۋەبىدىن ژۇرنىلىمىزدا بەزى كوررېكتور خاتالىقى يۈز بەرگەن.

بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

13 ـ بەت ئوڭ تەرەپ تۆۋەندىن 4 ـ قۇردا «8000» دېگەن سان «800» دەپ؛ 25 ـ بەت ئۈستىدىن 30 ـ قۇردىكى «كېلىياڭ يېزىسى» دېگەن سۆز «كەلپىن يېزىسى» دەپ؛ 33 ـ بەت ئوڭ تەرەپ تۆۋەندىن 3 ـ قۇردىكى «يۈسۈپ كالىنىڭ ئۆي ئارقىسىدىكى بېدىلىكتە» دېگەن سۆز «ئايۈپ دەڭجانىڭ ئۆي ئارقىسىدىكى پەچانلىقتا» دەپ؛ 34 ـ بەت سول تەرەپ يۇقىرىدىن 16 ـ قۇردىكى «پالچىغىمۇ» دېگەن سۆز «سالجىغىمۇ» دەپ؛ 35 ـ بەت ئاخىرىدىكى توپلىغۇچى ئىسمى «ئابىدە ئىبراھىم»، «ئابىدە قاسىم» دەپ؛ 74 ـ بەت سول تەرەپ يۇقىرىدىن 5 ـ قۇردىكى «روژدېستۋو ئارچىسى» دېگەن سۆز «روژدېستۋو ئارپىسى» دەپ، 71 ـ بەت سول تەرەپ يۇقىرىدىن 13 ـ قۇردىكى «ئىلغەت» دېگەن سۆز «تىلخەت» دەپ بېسىلىپ قالغان. تۈزىتىپ ئوقۇشقىلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

«مىراس ژۇرنىلى» تەھرىراتى

www.uyghurkitap.com



# ئاپچىق خېمىر

ئۆمەرجان سىدىق

مەن يىراق سەھرادىكى كۆجۇم مەھەللىدە تۇغۇلغاچقا، قويۇق ئەنئەنىۋى تۇرمۇش شەكلى، ئېسىل مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەنىدىم. ئەينى يىللاردا بۇ خىل تۇرمۇش شەكىللىرى بىزگە ئىنتايىن نورمال بىر تۇستە تۇيۇلاتتى. مانا ئەمدى ئۇزاق يىللارنىڭ ئۆتۈشى، دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ خىل ئۆرپ ـ ئادەتلەر بارغانچە ئىستېمالدىن قېلىپ، خۇددى چۆچەكلەردىكى نەسىھەت، ئۇگۇتلەردىكى ئىشتەك بىزدىن ناھايىتى يىراقتا تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. ۋەھالەنكى، بۇ خىل ئۆرپ ـ ئادەتلەر بىزدىن يىراقلاشقانچە ئادەم پاكىز، ساپ مۇشۇ خىل تۇرمۇش شەكلىنى شۇنچە سېغىنىدىغان، گۈزەل چۈشتەك ئەستە ساقلايدىغان بولۇپ قالىدىكەن. خاتىرەمدە ساقلىنىپ قالغان شۇ ئۇدۇملارنىڭ بىرى—ئاچچىق خېمىر (تۇرپان شۋىسى، ئورتاق تەلەپپۇزدىكى ئاتىلىشى «بولدۇرغۇچ»)غا مۇناسىۋەتلىك چۈشلەر ئىدى.

كىچىك چاغلىرىمدا ئاپام دائىم بىزنى، كۆپرەك سىڭلىم ۋە ئاچىلىرىمنى قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئاچچىق خېمىر سوراپ چىقىشقا كىرگۈزەتتى. قوشنىلارنىڭ بالىلىرىمۇ ئاچچىق خېمىر سوراپ كىرەتتى. ئاچچىق خېمىر مۇشۇنداق قولدىن قولغا، ئۆيدىن ئۆيگە، مەھەللىدىن مەھەللىگە ئايلىنىپ، ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە تېگى ساقلىنىپ قالاتتى. بۇ خۇددى قەدىمكي دەۋرلەردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىق، مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن چوغ ساقلىغىنىدەك، ئۆزئارا چوغ ئارىيەت بېرىشىپ، چوغ سورىشىپ ئۆتكىنىدەك بىر ئۇدۇم ئىدى. بىز قوشنىلارنىڭكىدىن ئېلىپ چىققان ياڭاقچىلىك چوڭلۇقتىكى ئاچچىق خېمىر بىلەن ئاپام جۇجەم ياغىچىدىن ياسالغان چىرايلىق قىزغۇچ تەڭنىدە خېمىر يۇغۇراتتى. ئاچچىق خېمىر سېلىپ بولدۇرۇلغان بۇ خېمىرنى «خېمىر تۇتۇپ قويدۇم»، «خېمىر سېلىپ قويدۇم»دەپ ئاتىشاتتى. ئاپام خېمىرنى تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن تەڭنىنىڭ ئۈستىنى مىس لېگەن بىلەن يېپىپ، داستىخان بىلەن ئوراپ ئىسسىق جايغا قويۇپ قوياتتى. ئىككى ـ ئۈچ سائەت ئۆتكەندىن كېيىن خېمىرنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۆينى بىر ئالاتتى. بۇ خېمىرنىڭ تەييار بولغانلىقى بولۇپ، بۇنى «خېمىر بوپتۇ»دېيىشەتتى. بۇ چاغدا خېمىر كۆبجۈپ، يوغناپ ئاق پاختىدەك يۇمشاپ كېتەتتى. بۇنىڭدىن يېقىلغان لېگەندەك، تاۋاقتەك چوڭلۇقتىكى، ئۈچ ئىلىك قېلىنلىقتىكى قۇياشتەك كۆلۈپ تۇرىدىغان نانلار، قوش مۇشتتەك كۆپۈپ كېتىدىغان يۇمران، يۇمشاق مانتىلار، دوپازا، پوملار («دوپازا»، «پوم» تۇرپان شۋىسى، ئورتاق تەلەپپۇزدا هورنان «موما» دەپ ئاتىلىدۇ)، ھۆررەك ـ ھۆررەك



ياڭاقتەك كۆپۈپ كېتىدىغان پوشكاللار مەززىلىك،
يېپىشلىكلىكى بىلەن ئادەمگە مەڭگۈلۈك قۇۋۋەت ۋە
لەززەت بېغىشلايتتى. ھەممە نەرسە سۈنئىيلىشىپ كەتكەن
ھازىرقى زاماندا، زاۋۇتتا ئىشلەنگەن بولدۇرغۇچ ئىشلە-
تىۋاتىمىز. بۇ بولدۇرغۇچتا يېقىلغان نانلاردىن، ئېتىلگەن
تاماقلاردىن مەن ئەينى ۋاقىتلاردىكى لەززەتنى ھېچبىر
تېتىپ باقمىدىم. يەنە بىرى، ئاچچىق خېمىر قېرىنداش-
لىق، مېھرىبانلىق ئەلچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆي-
مۇئۆي سۇنۇلۇپ، قولۇم ـ قوشنا، مەھەللىداشلار ئارا
بېرىش ـ كېلىشنى، دوستلۇقنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول
ئوينايتتى. ئاچچىق خېمىردىن ئىبارەت مۇھەببەت خۇ-
رۇچى ھەر بىر ئۆيدە تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىپ،
ئۇزۇق بولۇپ تومۇرىمىزغا سىڭىپ، ئۆزئارا يار ـ يۆ-
لەك، ھەمنەپەس، قېرىنداش بولۇش تۇيغۇسىنى چوڭ-
قۇرلاشتۇراتتى.

خوش، ئۇنداقتا دەسلەپكى ئاچچىق خېمىر قانداق
بارلىققا كەلتۈرۈلدۇ؟ يېقىندا مەھەللىدىكى بىر ياشانغان
ئانىمىز بۇنىڭ جەريانىنى ماڭا سۆزلەپ بەردى. ئالدى
بىلەن بۇغدايىنىڭ غولى (مەنگەن ياكى ئېگىز دەپمۇ ئا-
تىلىدۇ) دىن بىر تۇتام ئېلىپ، سوغۇق سۇدا پاكىز يۇيۇپ
تازىلىغاندىن كېيىن قازانغا سېلىپ، سۇدا يېرىم سائەت
ئەتراپىدا قاينىتىلىدۇ. نەتىجىدە مەنگەنىڭ سارغۇچ سۈ-
يى چىقىدۇ. بۇ سۇدا خېمىر يۇغۇرۇلۇپ، يېرىم كۈندىن
بىر كۈنگىچە دۇملەنگەندىن كېيىن ئاچچىق خېمىر تەييار
بولىدۇ. بۇنىڭدىن يۇغۇرۇلغان (تۇتۇلغان)خېمىرنى ئال-
مىدەك ئۈزۈۋېلىپ، ئاچچىق خېمىر قىلىپ ساقلاپ قو-
يىمىز. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاچچىق خېمىرنىڭ تېگى قىلە-
نىپ، ئۆزئارا ئارىيەت بېرىشىپ، ئۆزئارا سورىشىپ،



يىللارغىچە ئىشلىتىلدۇ. بىرەر يىل ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇ-
زاقراق ئۆتكەندىن كېيىن «خېمىر كونىراپ كەتتى»-
دېيىلىپ، يەنە بۇغداي غولىدىن ئاچچىق خېمىر ياسىلىپ،
«خېمىر يېڭىلىنىدۇ»، شۇنىڭغا ھەيرانمەنكى، بۇغدايىنىڭ
دىنىدا ئۇن تارتىلىپ، خېمىر يۇغۇرۇلسا، غولىدا ئاچچىق
خېمىر ياسىلىدىكەن، بۇغدايىنىڭ بارلىق بۆلەكلىرىنىڭ
خېمىرغا ئىشلىتىلىشى نېمىدېگەن قانۇنىيەتلىك ئىش ـ -
ھە!

مانا، ئالدىمدا سۈنئىي خېمىرتۇرۇچتا بولدۇرۇلغان،
ئاقارتىش پاراشوكىدا ئاقارتىلغان قاردەك ئاق، پاختىدەك
يۇمشاق، ئادەمنىڭ ئېغىزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرگۈدەك
هورنان تۇرۇپتۇ. مىڭ ئەپسۇسكى، ئۇنىڭدا نەبىر تەم،
نەبىر قۇۋۋەت بولسا كاشكى! ئەسىرلەردىن، يىللاردىن
بېرى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا، قولدىن قولغا ئۆتۈپ كەلگەن
ئاچچىق خېمىر بىزگە قالغاندا نېمىشقا ئۈزۈلۈپ قالدى؟
ياكى ئۇ ھازىرقى دەۋردە ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتتىمۇ؟
قەلبلەرنى تۇتاشتۇرغۇچى ئاچچىق خېمىر تۇرمۇشىمىزدىن
يوقالغاچقا، مېھر ـ مۇھەببىتىمىز بارغانچە سۇسلىشىپ
كېتىۋاتامدۇ؟ بۇ خىياللارغا جاۋاب ئىزدەپ ئولتۇرۇپ
قالدىم.

ئاپتور: تۇرپان گېزىتى ئىدارىسىدا

سۈرەتلەرنى ئابلىز غوجامنىياز تارتقان



# ئۇيغۇرلاردىكى يېمەك ـ ئىچمەك پەرھىزلىرى

ئەنۋەر سەمەت قورغان

يېمەك ـ ئىچمەك ئىنسان ئۆز ھاياتىنى قامداش، پەرۋىش قىلىش ۋە قوغداشتا تايىنىدىغان بىرىنچى ئامىلدۇر. بىراق، ئىنساننىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئىستېمال قىلىشى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىش جەريانى ئەمەس، بەلكى يېگىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش دائىرىسىدە نېمىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مەدەنىيەت تۈسىنى ئالغان ئىشتۇر. مۇشۇ مەنىدىن قارىغاندا، يېمەك ـ ئىچمەككە ئالاقىدار بارلىق پائالىيەتلەر ئىنسانلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىقلىم شارائىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە ئۇزۇقلىنىش ئادىتىنىڭ پەرقلىق بولۇشى سەۋەبىدىن، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدە پەرقلەر مەۋجۇت بولىدۇ. بۇنداق پەرق ئومۇمەن نېمىلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك تەرىزىدە قوبۇل قىلىنىشى، غىزا تەييارلاش ئۇسۇللىرى، شۇنىڭدىن تەرەققىي قىلىپ چىققان يېمەك ـ ئىچمەك تېبابىتى ۋە ئادىتى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ.

ھەر بىر جەمئىيەتتە كىشىلەر يېگىلى، ئىچكىلى بولىدىغان ماددىي نەرسىلەر ئىچىدىن مەلۇم نەرسىلەرنى ئوزۇقلۇق سۈپىتىدە تاللىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە نۇرغۇن يېمەك ـ ئىچمەك تۈرلىرى بۇ دائىرىدىن چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. دېمەك، نېمىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنىدىغانلىقى ۋە يەنە نېمىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىنمايدىغانلىقى يالغۇز يېمەك ـ ئىچمەكلەرنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى، پايدا ـ زىيىنى نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى تەرىپىدىنمۇ بەلگىلىنىدۇ. مانا بۇ مىللەتلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، يېمەك ـ ئىچمەك ئادەمنىڭ ھاياتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، كىشىلەر يېمەك ـ ئىچمەك مەسىلىسىدە ھامان بەزى يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەردىن، شۇنداقلا غىزالىنىش ئۇسۇللىرىدىن ئۆزىنى تارتىپ، شۇ ئارقىلىق ساغلاملىقىغا، ئامانلىقىغا ئېرىشىشنى ئويلايدۇ. غىزالىنىش ئەنئەنىسى ئىچىدىكى نېمىلەرنى يېيىش ۋە نېمىلەرنى يېمەسلىك، قانداق يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەردىن ئۆزىنى تارتىش قاتارلىقلار دەل ئۆرپ ـ ئادەتتىكى يېمەك ـ ئىچمەك پەرھىزلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك پەرھىزلىرىنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇلار قەدىمكى ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلاردىن، ياكى كېيىنكى دەۋرلەردىكى دىنىي چۈشەنچە ھەم ئىشەنچلەردىن ۋە ياكى ئادەتتىكى ئەنئەنە سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. يەنە بەزى يېمەك ـ ئىچمەك پەرھىزلىرى بىر مىللەتنىڭ ئوزۇقلۇق دائىرىسى سىرتىدىكى بارلىق ئوبيېكتلارنى، جۈملىدىن، يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشىمۇ مۇمكىن. قىسقىسى، ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئوزۇقلىنىش مەسىلىسىدە بارلىققا كەلتۈرگەن پەرھىزلىرى

ئىستېمال قىلىنىدىغان يېمەك -ئىچمەك، يېمەكلىك تەييارلاش ئۇسۇللىرى ۋە غىزالىنىش ئۇسۇلى قاتارلىق بىرقانچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ تەرەپلەر ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنىغا، تۈسىگە ۋە قۇرۇلمىسىغا چوڭ تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلار بىر قەدەر مول ۋە رەڭگارەڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىگە ئىگە بولغان، يېمەكلىك ئىستېمال قىلىشنى تېبابەت پرىنسىپلىرى بىلەن بىرلەشتۈرگەن، يېمەكلىك تۈرلىرى ۋە غىزا تەييارلاش ئۇسۇللىرى كۆپ خىلتۇر. مۇناسىپ رەۋىشتە، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك -ئىچمەك ئادىتى ئىچىدە نۇرغۇن پەرھىزلەر مەۋجۇت. بۇ پەرھىزلەرنى نېمىلەرنى يېمەسلىك ۋە ئىچمەسلىك (غىزا ئوبيېكتى)، قانداق شەكىلدە يېمەسلىك (غىزالىنىش شەكلى)، غىزا تەييارلاشتا نېمىلەرنى قىلماسلىق (غىزا تەييارلاش ئۇسۇلى) قاتارلىق ئۈچ چوڭ تۈر ئىچىدە كۆزىتىش ۋە مۇلاھىزە قىلىش مۇمكىن. تۆۋەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان يېمەك - ئىچمەك پەرھىزلىرىنى ئاشۇ ئۈچ نۇقتا بويىچە شەرھلەيمىز:

*1. غىزا تائام پەرھىزلىرى*

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەكلىك پەرھىزلىرى كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى تېبابەت پرىنسىپلىرى بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بەزىلىرى بولسا مەلۇم دىنىي ئەقىدە ۋە خۇراپاتلىق مەۋقەسىدىن شەكىللەنگەن. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەكلىكلەرگە ئائىت پەرھىز ئادەتلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ بىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان يېمەكلىكلەرنى يېگىلى بولۇش - بولماسلىق نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇلارنى تەبىئىتى، قۇۋۋىتى، پايدا - زىيىنى نۇقتىسىدىنمۇ كۆزەتتى. نەتىجىدە ئوزۇق بولىدىغان نەرسىلەرنى تونۇش ۋە مەنپەئەتلىك تەرزدە ئىستېمال قىلىش—«ئوزۇقشۇناسلىق» نامى بىلەن ئاتىلىپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ۋە تېبابەتچىلىكمىزدە ئىزچىل قوللىنىلىپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەكلەرنى پەرق ئېتىش ئۇسۇللىرى كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇر ئوزۇقشۇناسلىقىدا يېمەك - ئىچمەكلەر (ئومۇمەن ئېغىزدىن ئىستېمال قىلىنىدىغان يېمەكلىكلەر) تەبىئىتى، سۈپىتى ۋە پايدا - زىيىنىغا ئاساسەن بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنگەن. ئۇيغۇرلار بارلىق غىزالارنى يەنە ھۆللۈك ۋە ئىسسىقلىق دەرىجىسى بويىچە «ھۆل سوغۇق»، «ھۆل ئىسسىق»، «قۇرۇق سوغۇق» ۋە «قۇرۇق ئىسسىق» دېگەندەك تۆت تۈرگە بۆلۈپ تونۇيدۇ ۋە ئىستېمال قىلىشنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئادەمنىڭ يېشى، جىنسى، پەسىل ۋە ۋاقىت بويىچە يېمەكلىكلەرنىڭ مىقدارى ھەم سۈپىتى ھەققىدىمۇ ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئاساستا، ئىلمىي ئىستېمالنى تەكىتلەيدۇ. ئۇيغۇر ئوزۇقشۇناسلىقىدا يېمەكلىكلەرنى زۆرۈرىيەت ۋە ئېھتىياج، سان ۋە سۈپەت، ۋاقىت، ئۇسۇل، شەكىل ۋە ئادەتتىن ئىبارەت ئالتە شەرت ئاستىدا ئەتراپلىق ئويلىشىپ ئاندىن يېيىش ۋە ئىچىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقى زۆرۈر شەرتلەر ئاساسىدا ئۇيغۇرلار سۈپىتى ۋە تەبىئىتى ئۆزلىرىگە ماس كەلمىگەن يېمەكلىك ھەم ئىچىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن چەكلىنىدۇ. يەنى، مىزاجى ھۆل ئىسسىق كىشىلەر ھۆل ئىسسىق تەبىئەتتىكى غىزالاردىن، مىزاجى ھۆل سوغۇق كىشىلەر ھۆل سوغۇق تەبىئەتتىكى غىزالاردىن، مىزاجى قۇرۇق ئىسسىق كىشىلەر قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتتىكى غىزالاردىن، مىزاجى قۇرۇق سوغۇق كىشىلەر قۇرۇق سوغۇق تەبىئەتتىكى غىزالاردىن پەرھىز قىلىدۇ. ياش - قۇرامى بويىچە، ياشلار زىيادە ئاز غىزالىنىشتىن، قېرىلار كۆپ غىزالىنىشتىن، جىنس بويىچە ئەرلەر بەك ئاز غىزالىنىشتىن، ئاياللار بەك كۆپ غىزالىنىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. پەسىل بويىچە قىش پەسلىدە سوغۇق تەبىئەتتىكى يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىشتىن، ياز پەسلىدە بولسا ئىسسىق تەبىئەتتىكى يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار «كېسەل ئېغىزدىن كىرىدۇ ۋە يەنە ئېغىزدىن چىقىپ كېتىدۇ» دەپ قاراپ، چەكسىز ئىختىيارلىق بويىچە يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن چەكلىنىدۇ. ئومۇمەن، ئۇيغۇرلاردا غىزانى كۆپ يېيىش يامان ئىش دەپ قارىلىدۇ، كۆپ يېيىش ۋە كۆپ ئىچىش كېسەللىكنىڭ، ھۇرۇنلۇقنىڭ، ئاڭقاۋلىقنىڭ ۋە كۆڭلى قارىلىقنىڭ سەۋەبكارى دەپ تونۇلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتەپەككۇرى ۋە ئۇلۇغ ھۆكۈماسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىپ، شۇنداق يازغان:

«4615. كېسەل گالدىن كىرۇر، ئۇنى چىك كۆزەت،
يېگىن ئاشنى تەڭشەپ، ئاز - ئاز يە پەقەت.
4674. ئېغىزدىن كىرۇر ئاش بىلەن بۇ كېسەل،
قېرىتۇر كىشىنى يېشىدىن ئەۋۋەل.
4675. گېلىڭنى يىغىپ سەن، دائىم ئېسەن يۈر،

قىلۇر يۈزنى سۇلغۇن كېسەل ھەر مەھەل.
4642. «تىلەسەڭ كېسەلسىز ئۆمۈر، ئەي تېكىن،
ئېتى ‹ئاز يە› دېگەن دورىنى يېگىن».

(يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 959 ـ، 963 ـ، 971 ـ بەتلەر).

ئۇيغۇرلار يەنە يېمەكلىكلەرنىڭ تەبىئىتىگە ئاساسەن قارىمۇقارشى تەبىئەتتىكى يېمەكلىكلەرنى بىرلا ۋاقىتتا يېيىشتىن چەكلىنىدۇ. يەنى، تەبىئىتى زىيادە ئىسسىق تاماقلار بىلەن تەبىئىتى زىيادە سوغۇق تاماقلارنى بىرلا ۋاقىتتا يېيىش، سۈپىتى قارىمۇقارشى يېمەكلىكلەرنى يېيىش، بىر خىل غىزانى يەپ بولغاندىن كېيىنلا، ئۇنىڭ ھەزىم بولۇشىنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدىغان يېمەكلىكلەرنى يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىكى كونكرېت بەلگىلىمىلەر بەك ئېنىق بولغانلىقى، شۇنىڭدەك بۇنداق پەرھىزلەر مەلۇم خىلدىكى ئەقىدە ـ ئىشەنچ سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ساغلاملىقنى ئاسراش نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولغاچقا، بۇ يەردە ئۇلارنى كۆپ شەرھلىمەيمىز.

يۇقىرىدا قىسقىچە تىلغا ئالغان ئىلمىي ۋە تەجرىبىۋى تۈس ئالغان يېمەك ـ ئىچمەك پەرھىزلىرىدىن باشقا ئۇيغۇرلاردا شۇنداق بىر قىسىم پەرھىزلەرمۇ باركى، بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد سەۋەبىدىن ياكى ھازىرقى زامان دىنلىرى تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. بۇنداق پەرھىزلىك يېمەكلىكلەر ۋە ئىچىملىكلەر قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار يېيىشتىن ۋە ئىچىشتىن چەكلىنىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم يېمەكلىكلەر، ئىسلام دىنىدا «ھارام» ياكى «مەكرۇھ» دەپ قارالغان يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەر، شۇنداقلا تۈرلۈك خۇراپىي سېھرىي قاراش سەۋەبىدىن، ئىستېمال قىلىنغاندا نەسلىك پەيدا قىلىدۇ، دەپ قارىلىدىغان يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەردۇر.

ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. جۈملىدىن، ھايۋاناتتىن ئېلىنىدىغان يېمەكلىكلەر مەزكۇر دىندا ھالال ۋە ھارام دەپ ئىككى كاتېگورىيىگە بۆلۈنگەچكە، ئۇيغۇرلارنىڭ گۆش تۈردىكى يېمەكلىكلىرىنىڭ ۋە بىر قىسىم ئىچىملىكلەرنىڭ تۈرلىرىدە خېلى چوڭ ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. تۆۋەندە، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار ئىستېمال قىلىشتىن پەرھىز قىلىپ كەلگەن يېمەكلىك، ئىچىملىك ۋە چېكىملىكلەرنى تىزىپ كۆرسىتىمىز:

1. يېيىشتىن چەكلەنگەن يېمەكلىكلەر:

(1) چوشقا (ئۆي چوشقىسى ۋە تۇڭگۇز)، ئىت، ئېيىق، مايمۇن، ئېشەك، قېچىر، بۇرسۇق، چاشقان تۈرىدىكى ناپاك ھايۋانلار؛

(2) يولۋاس، قاپلان، بۆرە، شىر، مۈشۈك، يىلان، چايان، شۇنداقلا ئۆتكۈر تىرناقلىق، تۇمشۇقىدا ئولجىنى چوقۇپ ـ تىتىپ يەيدىغان بۈركۈت، قارچىغا، سار تۈرىدىكى يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە يىرتقۇچ قۇشلار؛

(3) بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈلمىگەن، بەلكى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان، كېسەل بولۇپ ئۆلگەن، زەھەرلىنىپ ئۆلگەن، سوقۇلۇپ ئۆلگەن، بېسىلىپ ئۆلگەن، تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن، ئېسىلىپ ئۆلگەن ۋە يىقىلىپ ئۆلگەن بارلىق ھايۋانلار؛

(4) ئاللادىن باشقا ئىلاھلار ياكى مەخلۇقنىڭ نامى بىلەن بوغۇزلانغان ياكى مۇسۇلمان بولمىغان ئادەم بوغۇزلىغان ھايۋانلار؛

(5) بارلىق قانلار، جۈملىدىن ھالال ۋە ھارام ھايۋانلارنىڭ قانلىرى؛

(6) گەندە يەپ قالغان قوي، كالا، توخۇ، ئۆردەك، غاز... قاتارلىق ھالال ھايۋانلار.

2. ئىچىش چەكلەنگەن ئىچىملىكلەر:

(1) ھاراق (ئىسپىرتلىق بارلىق ئىچىملىكلەر)؛

(2) قان؛

(3) گۆشىنى يېگىلى بولمايدىغان ھايۋانلارنىڭ سۈتى؛

(4) گەندە يەپ سالغان ھالال ھايۋاننىڭ سۈتى؛

(5) ئادەم سۈتى (ئېمىش مەزگىلىدە تۇرغان بوۋاقلار بۇنىڭ سىرتىدا).

3. چېكىش چەكلەنگەن نەرسىلەر:

(1) زەھەرلىك چېكىملىكلەر، جۈملىدىن، خىروئىن، كوكايىن، ئەپيۇن، مورفىن ۋە نەشە قاتارلىقلار؛

(2) ئادەتتىكى چېكىملىكلەر، جۈملىدىن، تاماكا، پاپىروس، سىگارت، كۆك تاماكا، ناسۋال قاتارلىقلار.

يۇقىرىدىكى ئۈچ تۈرلۈك نەرسە ئىسلام دىنىدا يېيىش، ئىچىش ۋە چېكىش چەكلەنگەن نەرسىلەردۇر. بۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ چەكلىنىشى ھەققىدە «قۇرئان»دا ئېنىق بەلگىلىمە بار، بەزىلىرىنىڭ چەكلىنىشى توغرىسىدا «ھەدىس» لەردە كۆرسەتمىلەر بېرىلگەن، يەنە بەزىلىرى بولسا ئىلمىي قىياس ئۇسۇلى بويىچە چەكلەنگەن نەرسىلەردۇر. ئۇيغۇرلار ئىسلام

دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، يۇقىرىدا ساناپ ئۆتۈلگەن
يېمەكلىك، ئىچىملىك ۋە چېكىملىكلەردىن چەكلىنىدىغان
بولدى. «قۇرئان»دا ھايۋانلاردىن پەقەت چوشقىنىڭ ھارام
قىلىنغانلىقىلا تىلغا ئېلىنغان، ئەمما ھەدىسلەردە بۇ مەزمۇن
تېخىمۇ كېڭەيتىلىپ، ھارام قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ دائىرىسى
توم تۇياقلىق ھايۋانلار، كۆشىمەيدىغان ھايۋانلار، يىرتقۇچ
ھايۋانلار، يىرتقۇچ قۇشلار، بارلىق ھاشارەتلەر ۋە ئۆمىلە-
گۈچى ھايۋانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولغان. بىراق،
ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلار ئىچىدە بارلىق سۇ جانلىقلە-
رى (جۈملىدىن بېلىق تۈرىدىكىلەر) ھالال قىلىنغان بولۇپ،
ناۋادا ئۇلار سېسىپ كەتمىگەن بولسىلا يېيىش تەشەببۇس
قىلىنغان. يۇقىرىقىدەك ھۆكۈم تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلار ئېشەك،
قېچىر قاتارلىق توم تۇياقلىق ھايۋانلارنى، چوشقىغا ئوخ-
شاش كۆشىمەيدىغان ھايۋانلارنى، شىر، بۆرە.... قاتارلىق
بارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارنى، ئىت، مۈشۈككە ئوخشاش
گۆشخور ئۆي ھايۋانلىرىنى، پاقا، قۇلۇلە، قوڭغۇز، يىلان
قاتارلىق ھاشارەت ۋە ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارنى، قۇشقاچ،
كەپتەر، دەمدەر، پاختەك، قىرغاۋۇل، بۆدۈنە قاتارلىقلاردىن
باشقا ياۋايى ۋە يىرتقۇچ قۇشلارنى يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ.
قىسمەن ئەھۋاللاردا كېسەللىككە شىپا ئىزدەش ياكى ئېغىر
ئاچارچىلىقنى بېسىش ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك ھايۋان گۆشلە-
رىنى يېيىشنى بەك يامان ئېلىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار
باشقا دورىلار ياكى باشقا يەيدىغان نەرسە تېپىلغان ھامان،
يەنىلا پەرھىزلىك نەرسىلەر قاتارىدا سانىلىپ، چەكلىنىدۇ.
ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخ مابەينىدە ئاتنىڭ گۆشىنى ئىستېمال
قىلىپ كەلگەن. ئەمما، ئات توم تۇياقلىق ھايۋاندۇر. توم
تۇياقلىق ھايۋاننىڭ ھەرقاندىقىنى يېمەسلىك نۇقتىسىدىن
قارىغاندا، ئات گۆشىنى يېيىش ئالاھىدە ئەھۋال سانىلىدۇ.
ئىسلام دىنىدىمۇ ئات گۆشى يېيىش چەكلەنگەن نەرسە قاتا-
رىدا سانالمىغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار بىرەر زۆرۈرىيەت تۇ-
غۇلمىسا، ئاسانلىقچە ئات ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى يېيىشنى تە-
شەببۇس قىلىپ كەتمەيدۇ. بەزىدە كىشىلەر جەڭدە مىنگەن
ئات بولسا، ئۇنى يېيىشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئۇيغۇرلار ھالال دەپ قارىلىدىغان ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ
يېيىشتىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ئۇسۇلى ياكى ئۆلۈش
شەكلىگە قاراپ ئاندىن يېيىش ياكى يېمەسلىكنى بەلگىلەيدۇ.
ئىسلامي قائىدە بويىچە، ھالال ھايۋانلار ھەرقانداق سەۋەب
تۈپەيلىدىن ئۆزى ئۆلۈپ قالغاندىن كېيىن بايقىلىدىكەن،
ئۇلارنىڭ گۆشىنى بىردەك يېمەيدۇ. يەنە مۇسۇلمان بولمىغان
ئادەم بوغۇزلىغان ياكى ئوۋلىغان ھالال ھايۋاننىڭ گۆشى ھەم
بوغۇزلىنىپ قېنى ئېقىتىلمىغان ھايۋاننىڭ گۆشىنىمۇ يېمەيدۇ.
ئۇيغۇرلار توخۇ يېمەكچى بولغاندا، توخۇنى يەتتە كۈن كاتەكتە
بېقىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بوغۇزلاپ ئىستېمال قىلىدۇ.
يەنە كۈرۈك توخۇنىمۇ بوغۇزلاپ يېمەيدۇ. سەۋەب شۇكى،
توخۇلار دالادا يۈرگەندە، گەندە يەپ سېلىشتىن خالىي بو-
لالمايدۇ. كۈرۈك توخۇ بەك ئورۇقلاپ كېتىدىغان بولغاچقا،
ئۇنى يېسە بەدەنگە مەنپەئەت قىلىپ كەتمەيدۇ. مۇشۇ سە-
ۋەبتىن، توخۇ يېيىشتە توخۇنى يەتتە كۈن كاتەكتە بېقىپ، ياكى
توخۇ كۈرۈكلۈكتىن خالاس بولغاندىن كېيىن ئاندىن بوغۇزلاپ
يەيدۇ.

ئۇيغۇرلار ھەرقانداق ھالال ھايۋاننىڭ بەدىنىدە يەتتە
خىل ھارام (يەنى يېيىش ـ ئىچىش قەتئىي چەكلەنگەن) ۋە
يەتتە خىل مەكرۇھ (يېيىش ـ ئىچىش نەپرەتلىنەرلىك) نەر-
سە بار دەپ قارايدۇ. بۇ يەتتە خىل ھارام نەرسە بولسا: قان،
يىرىڭ، يۇلۇن ئىچىدىكى يۇلۇن سۇر ماددىسى، ئۆت قېپى،
ئۆت سۇيۇقلۇقى، ھايۋاننىڭ چىشى، شىرلى (بويۇن پاتە-
ڭى)لاردىن ئىبارەت. يەتتە خىل مەكرۇھ نەرسە بولسا: يۈ-
رەكنىڭ ئىككى قۇلىقى، تۇياق، بەز، مېڭە قېپى، كۆز قارى-
چۇقى، ئەركەك ھايۋاننىڭ تاشقى ۋە چۈيىسى (جىنسىي ئە-
زاسى) دىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلار ھالال ھايۋانلارنى بوغۇز-
لىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەزالىرىنى
چىقىرىپ ياكى كېسىپ تاشلىغاندىن كېيىن ئاندىن ئىستېمال
قىلىدۇ. قاسساپلارمۇ مالنى ئۆلتۈرۈپ قېنىنى تولۇق ئېقىتىپ
بولغاندىن كېيىن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تەركىبلەرنى چە-
قىرىپ تاشلاپ ئاندىن گۆشىنى ساتىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلار
ھالال ھايۋان تېنىدىكى يۇقىرىدىكى 14 خىل نەرسىنى يې-
يىش ۋە ئىچىشتىنمۇ پەرھىز قىلىدۇ. ھازىرقى ئۇيغۇرلارمۇ
ئوخشاشلا ھايۋان تېنىدىكى ئاشۇ گۆشنى ئېلىپ تاشلىۋېتىدۇ.
ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ ئوخشاشلا يېمەيدۇ. بۇ ناھايىتى قە-
دىمدىن قالغان پەرھىز ئادىتى بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبى بىزگە
ھازىرچە مەلۇم ئەمەستۇر.

قەدىمكى دەۋرلەردىكى توتېملارغا ئائىت پەرھىزلەرنىڭ
مۇھىم بىر ئىپادىسى توتېم ھايۋانلىرىنى ئۆلتۈرۈش ۋە گۆ-
شىنى يېيىشتىن چەكلەشتۇر. قەدىمكى ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر
ئۆزلىرىگە توتېم قىلغان ھايۋانلارنى شۇ ئۇرۇق ياكى قەبى-
لىنىڭ ھەرقانداق ئەزاسىنىڭ ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى يېيىشىنى

www.uyghurkitap.com



قاتتىق چەكلەيتتى. ناۋادا بىرەر كىشى توتېم ھايۋىنىنىڭ گۆشىنى يەپ قويسا، ئۇ كىشى ئۇرۇق ياكى قەبىلىدىكى باشقا ئەزالارنىڭ ئىغىر جازاسىغا يولۇقاتتى ياكى ئۆلتۈرۈلەتتى. دېمەك، بۇ دۇنياۋى ھادىسە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئارىسىدىمۇ بولغان، دەپ تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرى تارىختا بىرقانچە ھايۋاننى توتېم قىلىپ كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە كەڭ ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغىنى بۆرىدۇر. تەسەۋۋۇر قىلالايمىزكى قەدىمكى ئۇيغۇرلار توتېم بولغۇچى ھايۋان بۆرىنى ئۆلتۈرۈشتىن ۋە ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن پەرھىز قىلغان. ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئەجدادنى ئۆلتۈرگەنلىك، ئۇنى يېيىش ئەجدادنى يېگەنلىك ھېسابلىنىپ قاتتىق چەكلەنگەن. بۈگۈنگىچە بولغان مەزگىلدە ئۇيغۇرلار مەيلى توتېم قارىشى سەۋەبىدىن بولسۇن ياكى ئىسلام دىنىدىكى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن چەكلەش قارىشى سەۋەبىدىن بولسۇن، بۆرىنى ئۆلتۈرمەيدۇ، گۆشىنى يېمەيدۇ. بولۇپمۇ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئۇيغۇرلار بۆرىگە ھەم قورقۇنچ نەزەرىدە، ھەم ئىخلاس بىلەن قاراپ، ئۇنى ئېتىپ تاشلاشتىن چەكلىنىدۇ. بۆرىنى ئۆلتۈرسە مال ئاينىمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۈگۈنكى دەۋردە بۆرە ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا نەسلى قۇرۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى. شۇڭا ئۇنى ئۆلتۈرمەسلىك پەرھىزىمۇ تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدى.

گۆش قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي يېمەكلىكى بولغانىدى. بۇددا ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى ھەققىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئاز ـ تولا مەلۇماتقا ئىگە بولساقمۇ، ئەمما شۇ دەۋرلەردىكى يېمەك ـ ئىچمەكلەرنىڭ ئومۇمىي ھالىتى، بولۇپمۇ، يېمەك ـ ئىچمەك پەرھىزلىرى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. بەلكى ياشاش ئېھتىياجى سەۋەبىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋردىكى ئۇيغۇرلار يېيىشتىن چەكلەنگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېگەن بولۇشى، ھەتتا ھازىر ھالال دەپ قارىلىدىغان بەزى ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرى، سۈتلىرى شۇ دەۋردە ئىستېمال قىلىنمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇددا دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئون ئەسىردەك ۋاقىت ئىچىدە، بۇددا دىنىدىكى جانلىققا ئازار بەرمەسلىك، جانلىقنى ئۆلتۈرمەسلىك ئەقىدىسى بويىچە پۈتۈن ئۇيغۇر بۇددىستلار گۆش يېيىشتىن، گۆشلۈك تاماق يېيىشتىن قاتتىق چەكلىنىپ، ئاددىي ـ ساددا ۋە گۆشسىز غىزا يېيىشكە ئادەتلەنگەن. بىز ئىدىقۇت دەۋرىگە ئائىت يازما يادىكارلىقلاردىن گۆشلۈك غىزا ھەققىدىكى بايانلارنى دېگۈدەك ئۇچرىتالايمىز. بۇ ئەھۋالدىن ھەممە بۇددا دىنىنىڭ تۆپ قاراشلىرىدىن چىقىپ تۇرۇپ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنى گۆش يېيىشتىن، سۈت ئىچىشتىن چەكلەنگەن، دەپ ئېيتالايمىز. ئىسلام دىنى سەۋەبىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك ئوبيېكتلىرى ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، بىراق يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك چەكلىمىلەرمۇ بېكىتىلدى. نەتىجىدە مىڭ يىل مابەينىدە ئۇيغۇرلارنىڭ گۆش تۈرىدىكى يېمەك ـ ئىچمەكى ئاساسەن قوي، تۆگە، ئۆچكە، ئات، غاز، ئۆردەك، توخۇ... قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىدىن كېلىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. ئۇيغۇرلار ئۇزاق مەزگىللىك قوي گۆشى ئىستېمال قىلىش جەريانىدا قوي گۆشىدىن ياسىلىدىغان تۈرلۈك تائاملارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنى بېيىتتى.

ئۇيغۇرلار ئېچىتقۇلۇق يېمەكلىكلەرنى ئىچىشكە ئادەتلەنمىگەن. بولۇپمۇ، كۈچلۈك مەست قىلىش رولىغا ئىگە ئىچىملىكلەرنى ئىچىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئىسلام ئېتىقادىدىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلار سۈت ۋە ئاشلىقنى ئېچىتىش ئارقىلىق بىرقانچە خىل ئىچىملىك ياساپ ئىستېمال قىلىپ كەلگەن. مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەپ قالدۇرغان «قومالاق» (ھەشقىپىچەككە ئوخشاش بىر خىل ئۆسۈملۈك. ئۇنىڭغا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ، شاراپ ياسىلىدۇ)، «قىمىز» (تولۇمدا ئېچىتىلغان يىلقا سۈتى)، «بۇخسۇم» (بوزا، تېرىقتىن ياسىلىدىغان ئىچىملىك)، «ئاغارتقۇ» (بۇغداي يارمىسىدىن ياسالغان بوزىغا ئوخشاش ئىچىملىك) (مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، I توم 620 ـ بەت، 631 ـ بەت، III توم، 600 ـ بەت). قاتارلىقلار قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىستېمال قىلىپ كەلگەن شاراپلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلار شەھەر ھاياتىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن ئۈزۈمدىن ئېچىتىلغان ئىچىملىك (بۇ كېيىنچە «مۇسەللەس» دەپ ئاتالدى) ئېچىتىدىغان بولدى. قىسقىسى، ئىسپىرت تەركىبى بار ئىچىملىكلەرنى ئىچىش قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا چەكلەنمىگەن، ئەمما، ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچىشتىن چەكلىنىدىغان بولدى. بۇددا مۇرىتلىرى كۆڭۈلنى پاكلاش، تۇيغۇنى ساپ تۇتۇش، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلمەسلىك تەشەببۇسلىرى بىلەن،

مەي ـ شاراپ ئىچىشتىن قەتئىي چەكلەنگەنىدى. ئىسلام دى-
نىدا ئومۇمەن ئادەمنى مەست قىلغۇچى ھەرقانداق ئىچىملىك،
مەسىلەن، ئاق ھاراق، ئۈزۈم ھارىقى، بۇغداي ھارىقى، ئانار
ھارىقى، چىلان ھارىقى، گۈرۈچ ھارىقى، پىۋا، بوزا قاتارلىق-
لارنى ئىچىش ئادەمنىڭ ئەقلىگە ۋە روھىغا يامان تەسىر
ئېلىپ كېلىدىغانلىقى سەۋەبىدىن قاتتىق چەكلەندى. ئەنئە-
نىۋى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇيغۇرلار ھاراق تۇرىدىكى بار-
لىق ئىچىملىكلەرنى ئىچىشتىن چەكلىنىپ كەلگەن. ئاندا ـ
ساندا كىشىلەر مۇسەللەس ياكى قىمىز ئىچىپ ئۆز تەلەپلە-
رىنى قاندۇرۇشۇپ كەلگەن. يېقىنقى مەزگىلدە دەۋرىي ئۆز-
گىرىشكە ئەگىشىپ بىر قىسىم ئۇيغۇر ئەرلىرى ھاراق ئە-
چىشنى ئېغىر ئالمايدىغان، ھەتتا كەسىپ قىلىۋالىدىغان ئەھ-
ۋالنى شەكىللەندۈردى. بىراق خەلق يەنىلا ھاراق ئىچىشنى
ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ. بولۇپمۇ، مەيلى ئىلگىرىكى دەۋر-
لەردە بولسۇن ياكى ھازىرقى دەۋرلەردە بولسۇن، ئاياللار-
نىڭ ھاراق ئىچىشى ئىنتايىن ئەخلاقسىزلىق سانىلىپ قاتتىق
چەكلىنىپ كەلگەن ۋە چەكلىنىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە، قىسمەن كى-
شىلەر ئارىسىدا ھاراق ئىچىش ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلە بو-
لۇپ قالدى.

تاماكا گەرچە يېمەكلىك ياكى ئىچىملىك بولمىسىمۇ،
ئەمما ئۇ يەنىلا ئېغىز بۇرۇندىن كىرگۈزۈپ جىسمانىي ۋە
روھىي تەلەپنى قاندۇرىدىغان بىر خىل ئىستېمال بۇيۇمىدۇر.
تاماكىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قاچان پەيدا بولغانلىقى ھەق-
قىدە بىزدە ئېنىق ئىسپات يوق. ئەمما كۆك تاماكا تېرىش ۋە
كەندىر تېرىپ نەشە ياساش خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىش-
تۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى چېكىملىكلىرىدىن كۆك تاماكا،
نەشە ۋە ناسۋاللار بار. ئۇيغۇرلار تاماكىنى نىسبەتەن ئاز
چېكىدۇ. بولۇپمۇ، ئىسلام دىنىدا ئومۇمەن بەدەنگە ۋە روھقا
زىيانلىق ھەر قانداق نەرسە ھارام دەپ قارىلىپ چەكلىنىدى-
غانلىقى سەۋەبىدىن نۇرغۇن مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار يۇقىرىقى
ھەر خىل چېكىملىكلەرنى چېكىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇر
ئەرلىرى ئاندا ـ ساندا تاماكا چەكسىمۇ، ئەمما ئاياللار ئە-
چىدە تاماكا چېكىدىغانلىرى يوق دېيەرلىك. ناۋادا چېكىپ
قالسىمۇ، مەخپىي ھالەتتە چېكىدۇ. ئاياللارنىڭ تاماكا چېكە-
شى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرىغا قەتئىي ماسلاشماي-
دۇ. جەمئىيەت ئاياللارنىڭ تاماكا چېكىشىنى ئىنتايىن يامان
كۆرگەنلىكتىن ھازىرقى تاماكا تازا ئەۋج ئالغان دەۋردىمۇ
ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرى تاماكا چېكىشتىن ھامان چەكلىنىپ
كەلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدە شۇنداق بىر
قىسىم پەرھىزلەرمۇ باركى، ئۇلار مەلۇم خۇراپىي قاراش ياكى
سېھرىي ئېتىقاد سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان. مەسىلەن، ئۇي-
غۇرلار توي قىلمىغان ياشلارنىڭ ۋە بالىلارنىڭ قوي، كالا ۋە
ئۆچكىلەرنىڭ قىزىلئۆڭگىچىنى يېيىشتىن چەكلەيدۇ. قىزىل-
ئۆڭگەچنىڭ يەنە بىر ئىسمى «يېنىشقاق» بولۇپ، ناۋادا
توي قىلمىغانلار ئۇنى يېسە، توي قىلماقچى بولغان لايىقى
بىلەن يېنىشىپ كېتەرمىش. ئۇيغۇرلار يەنە توخۇ، غاز ۋە
ئۆردەكلەرنىڭ يىلىكىنى يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. چۈنكى
شۇنداق قىلسا نامازشام قارىغۇسى بولۇپ قالار ئىكەن. بۇ
پەرھىزلەردە ئوخشاشلىق سېھرگەرلىكى ئاساسىي رول ئوي-
نىغان بولۇپ، قىزىلئۆڭگەچنىڭ ئىلاستىكلىق خۇسۇسىيىتى
توينىڭ يېنىشىپ كېتىدىغانلىقىغا، توخۇ ـ غازلارنىڭ قاراڭغۇ
چۈشۈشى ھامان كۆزىنىڭ كۆرمەيدىغانلىقى ئۇنىڭ يىلىكىنى
يېگەندە يېگۈچىنىڭ نامازشام قارىغۇسى بولۇپ قالىدىغانلى-
قىغا سەۋەب قىلىنغان. يەركەندە ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە كىچىك
بالىلارغا يىلىك يېگۈزسە شۇ بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يىلىكىدە
سۇ ئىچىدىغان (يەنى ئاتا ـ ئانىسىنى بەك قاخشىتىدىغان)
بولۇپ قالىدۇ دەپ، بالىلارغا يىلىك يېگۈزۈشتىن پەرھىز
قىلىدىغان ئەھۋال بار. بۇنىڭ پرىنسىپىمۇ يۇقىرىدىكى پەر-
ھىزلەرگە ئوخشايدۇ. ئەمما بۇ ئىلمىي قاراش ئەمەس. چۈن-
كى يىلىك ناھايىتى قۇۋۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا كىچىك با-
لىلار جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان مىنېرال ماددىلار (مەس-
لەن، كالتسىي) ئىنتايىن مول بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋال ھازىر
بالىلار ئارىسىدا ئەۋج ئېلىۋاتقان كالتسىي كەملىك كېسەللى-
كىنى داۋالاش ئېھتىياجى سەۋەبىدىن يوقىلىپ كەتتى. خەلق
ئارىسىدا يەنە تۇرمۇشلۇق بولغانلارنىڭ ھايۋان تىلىنى يې-
مەيدىغان ئادىتى بار. بولۇپمۇ، بالىسى يېڭى تۇغۇلغان
ياشلار تال يېسە بالىسى تىلىققاق بولۇپ قالىدۇ، دەپ قاراپ
ئىرىمدايدۇ. يەنە بەزى يۇرتلاردا سەۋزە قەلەمچىسىنى يېسە
قەلەندەرگە تېگىپ قالىدۇ، ياكى قەلەندەر ئېلىپ قالىدۇ
دەپ، قەلەمچە قىلىنغان سەۋزىنى يېيىشتىنمۇ پەرھىز قىلى-
دىغان ئىشلار مەۋجۇت. يۇقىرىقى ئىككى پەرھىز ئادىتىدە
تىلنىڭ سېھرىي كۈچىگە ئىشىنىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.
يەنى سۆزلەرنىڭ ئوخشاپ قېلىشى ئەمەلىيەتتىكى ئوخشاش
نەتىجىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، دەپ قارايدىغان ئىپتىدائىي
تەپەككۇر يولى مەۋجۇت. تال يېمەسلىكتە، «تال» سۆزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلەن «تېلىقىش» سۆزىنىڭ ئالدىنقى بوغۇمى ۋە ئۈچ تاۋۇشى ئوخشايدۇ. «قەلەمچە» سۆزىنىڭ ئالدىنقى تۆت تاۋۇشى بىلەن «قەلەندەر» سۆزىنىڭ ئالدىنقى تۆت تاۋۇشى ئوخشايدۇ. ئەنە شۇنداق ئوخشاشلىق رېئاللىقتىكى ئوخشاش نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق پەرھىزلەر بولۇشقا مۇناسىپتۇر. ئۇيغۇرلار توي قىلمىغان ياشلارنىڭ قازاننىڭ تېگىدە قالغان قىرماقنى (قوتۇرماچ) ھەمدە ئۇن توزۇندىسى (تۈگمەندە ئۇن تارتقاندا توزىغان ۋە كېيىن يىغىۋېلىنغان ئۇن) دىن قىلىنغان ناننى يېيىشتىن ۋە قازاننىڭ تېگىدە قالغان يۇقۇندىنى يالىشىدىن چەكلەيدۇ. ناۋادا شۇنداق قىلسا توي بولغاندا بوران چىقىپ كېتەرمىش، ياكى يامغۇر، قار يېغىپ كېتەرمىش. دەرۋەقە قىرماق (قوتۇرماچ) كۆيگەن يېمەكلىك بولغاچقا ئۇ ئادەم تېنىگە پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ. توزۇندىمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ شامال كۈچى سەۋەبىدىن توزۇپ، توزۇندا شەكىللىنىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە كىشىلەرگە ياخشى بىر ھالەتتىكى يامان ئەھۋالنى ياكى شامال ـ بورانغا ئوخشاش ھادىسىلەرنى ئەسلىتىدۇ. شۇڭلاشقا، بىرەرسىنىڭ تويى بولغان كۈنى يامغۇر ياكى قار يېغىپ، ياكى شامال چىقىپ توي كەيپىنى بۇزسا، كىشىلەر توي قىلغان قىز ـ يىگىتنىڭ ئىلگىرى قازان قىرمىسىنى يېگەنلىكىنى ياكى توزۇندىدىن قىلىنغان ناننى يەپ سالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىدۇ. ھازىر ھاۋارايى ھەققىدىكى بىلىملەر چوڭقۇرلاشقانلىقىدىن، كىشىلەر توي بولغان كۈنى ئاشۇنداق بولسا، يەنىلا چاقچاق سۈپىتىدە يۇقىرىقى قاراشنى تەكرارلايدۇ. ئۇيغۇرلار خېمىر يۇغۇرۇشقا ئىشلىتىپ ئاشقان سۇنى ئىچسە ۋە قاغىلار ئېلىپ قېچىپ كۆمۈپ قويغان ياڭاقنى يېسە، ئۇنتۇتقاق بولۇپ قالىدۇ، دەپ قاراپ، شۇ نەرسىلەرنى يېيىش، ئىچىشتىن چەكلىنىدۇ. بۇ پەرھىزلەردىمۇ ئوخشاشلىق قارىشى مەۋجۇت. يەنى قاغا ياڭاقنى ئېلىپ قاچقانىكەن، ناۋادا ئۇ ئۇنتۇتقاق بولمىغان بولسا، چوقۇم ئۆزى كۆمگەن ياڭاقنى تېپىپ يېگەن بولار ئىدى. ئۇ ئۇنتۇتقاقلىق سەۋەبىدىن كۆمۈپ قويغان ياڭاق، قوناقنىڭ بېشى قاتارلىقلارنى تېپىپ يېيەلمەيدۇ. دېمەك، ئادەم ئۇ كۆمۈپ قويغان نەرسىنى تېپىپ يەيدىكەن ئۇنىڭغا قاغىنىڭ ئۇنتۇتقاقلىق خۇسۇسىيىتى تەسىر ئارقىلىق يۇقىدۇ. مانا بۇ نىسبەتەن توغرا چۈشەندۈرۈشتۇر.

نان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ئىستېمال قىلىپ كەلگەن ئاساسىي يېمەكلىكىدۇر. نان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىرىملىك ۋە مۇقەددەس نەرسىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ داستىخىنى نان بىلەن زىننەت تاپىدۇ، كىشىلەر نان بىلەن قەسەم قىلىدۇ، نانسىز سەپەرگە چىقمايدۇ. ئومۇمەن، ناننى ناھايىتى مۇقەددەس بىلىپ، ناننى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ناننىڭ جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ يامانلىقىنى توسۇش، سېھىرگەرلىكنى پاش قىلىش خىسلىتىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر كېچىلەردە يالغۇز يول يۈرگەندە يېنىغا نان ئېلىۋالىدۇ. ناننىڭ تۆشۈكىدىن دارۋازىغا قارىسا، دارۋاز ئارغامچىدىن يېقىلىدۇ. سېھىر قىلغۇچىغا قارىسا، سېھىرنىڭ يالغانلىقى ئاشكارا بولىدۇ، دەپ ئىرىمدايدۇ. ئۇيغۇرلار ناننى ئۇلۇغلاپ ئۇنى ئىسراپ قىلمايدۇ، دەسسىمەيدۇ، ئۇۋاقلىرىنى پاكىز تېرىپ ئاغزىغا سالىدۇ ياكى ئادەم دەسسىمەيدىغان جايلارغا قويىدۇ. ناننى يېيىش جەھەتتە ئۇيغۇرلار قىزلارنىڭ تونۇر ياكى ئوچاققا چۈشۈپ كەتكەن ناننى يېيىشىدىن چەكلەيدۇ. مۇشۇنداق قىلسا قىزلار تەلەيسىز بولىدۇ ياكى تەلىيى كەمتۈك بولىدۇ، دەپ جورۇيدۇ. يەنە ئوغۇللار دادىسىنىڭ ئاستىدا قالغان خېمىر ئۈلاندىسىدا قىلىنغان ناننى يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا ئوغۇللار شۇنداق ناننى يېسە، ئۇلارغا ساقال ـ بۇرۇت چىقمايمىش ياكى سەپىرىدە بوران چىقىپ كېتەرمىش. ئەكسىچە، قىزلار بۇنداق ناننى يېسە بايغا ياتلىق بولارمىش ۋە ئۇنلۇق (ئاشلىقى مول دېمەكچى) بولارمىش. كۆيۈپ كەتكەن ناننى قىزلار يېسە، ناخشىچى بولارمىش. قىسقىسى، ئۇيغۇرلار قىز ـ ئوغۇللارنىڭ ناننىڭ پۈتۈنىنى، كۆيۈپ كەتمىگىنىنى ۋە چۈشۈپ كەتمىگىنىنى يېيىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قۇت ـ بەختىنىڭمۇ پۈتۈن بولۇشىنى تىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ گۆش ۋە ئاشلىقلار بىلەن بىرگە ھايۋان سۈتلىرىنىمۇ ئىستېمال قىلىپ كەلگەن. سۈتتىن تۈرلۈك ئىچىتقۇلۇق يېمەكلىكلەرنى ياساپ ئىچكەن. ئالدىنقى سەھىپىدە تىلغا ئالغاندەك، ھارام ھايۋاننىڭ، گەندە يەۋالغان ھالال ھايۋاننىڭ ۋە ئادەمنىڭ سۈتىنى ئىچىشتىن چەكلەنگەندىن سىرت، يەنە سۈت ئىچىشتە بەزى قائىدىلەرگە رىئايە قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار كالا، ئۆچكە، تۆگىلەرنى ساغىدۇ. قوينى بولسا ساغمايدۇ. سېغىلغان سۈتنى قاچىلارغا قاچىلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئېغىزىنى ياپماسلىقتىن قەتئىي پەرھىز قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سۈتنىڭ ئېغىزىنى ئوچۇق قويسا، جىنلار شۇ سۈتتە باللىرىنى يۇيۇندۇرىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ

سۈتنى ئىچكەن كىشى ساراڭ بولارمىش. ئەمەلىيەتتە جىن
سۈتتە بالىلىرىنى يۇيۇندۇرمايدۇ، بەلكى سۈتنىڭ ئېغىزى
ئوچۇق قالسا توپا ـ چاڭ سۈتكە قونىدۇ. باشقا نەرسىلەرنىڭ
چۈشۈپ كېتىشىدىن ھەم ساقلانغىلى بولمايدۇ. كىشىلەر ئا-
شۇنداق تەجرىبىۋى بىلىمگە يۇقىرىقىدەك خۇراپاتلىقنى
سەۋەب قىلىپ تۇرۇپ، سۈت قاچىلانغان قاچىنىڭ ئېغىزىنى
ئوچۇق قويۇشتىن توسىدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە ھېسسىي تەسىر
نۇقتىسىدىن چىقىپ، سۈتنى ئوچاققا تۆكۈۋەتسە، شۇ سۈت
سېغىلغان سىيىرنىڭ يىلىنى ئاغرىيدۇ ياكى سۈت چىقمايدۇ،
دەپ جورۇيدۇ.

ئۇيغۇرلار مېۋىنى ئىنتايىن ئەزىزلەيدۇ. مېۋىنى جەننەت-
تىن چىققان نەرسە دەپ قاراپ، ئۇنى ئىسراپ قىلىشتىن،
دەسسەپ ـ چەيلەشتىن بەكمۇ ئېھتىيات قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە
ئالاھىدە ئىرىملىك قاراش ۋە ئادەتلەرمۇ يوق. ئەمما، ئۇي-
غۇرلار قوغۇن ئۇرۇقىنى چېقىپ يېيىشكە ئادەتلەنمىگەن.
ئاڭلاشقا قارىغاندا قوغۇن ئۇرۇقىنى چېقىپ يېسە پەرىشتىنىڭ
قورسىقىنى يارغاندەك بولارمىش. ئەمەلىيەتتە ھېچبىر دىندا
پەرىشتە قوغۇن ئۇرۇقىدا بولىدۇ، دېگەن پەتىۋا يوق. بۇ پە-
قەت قوغۇن ئۇرۇقىنى ساقلاپ قېلىش، كېلەر يىلقى تېرىش
ئۈچۈن ئۇنى ئاسراپ قېلىش ئۈچۈن باشقىچە ئۇسۇل بىلەن
ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەرھىز ئادىتىدۇر.

ئىنساننىڭ ياشىشىدا يېمەكلىكتىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇ-
رىدىغىنى سۇدۇر. ھاياتلىق سۇدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇيغۇر-
لارنىڭ سۇ ھەققىدىكى بەلگىلىمىلىرىمۇ ئىنتايىن ئىنچىكە
بولۇپ، ھالال ھايۋانلار ياكى ئادەملەر ئىچىپ ئېشىپ قالغان
سۇنى بولسا ھالال دەپ قارايدۇ. ئەمما چوشقا، ئىت، يول-
ۋاس، بۆرە قاتارلىق ھايۋانلار ئىچىپ ئېشىپ قالغان سۇنى
پاسكىنا سۇ دەپ قاراپ ئىچىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. مۈشۈك،
توخۇ، ياۋا قۇشلار ئىچىپ ئېشىپ قالغان سۇنى باشقا سۇ
بولمىغان ئەھۋالدا ئۇلارنى ئىچىش مەكرۇھ بولىدۇ، دەپ
قارايدۇ. ناۋادا سۇ تەركىبىگە سوپۇن چۈشۈپ كەتكەن بولسا،
ئەمما سۇنىڭ ئومۇمىي سۈپىتى ئۆزگەرمىگەن بولسا ئۇنى
ھالال، دەپ قارايدۇ. ناۋادا سۇنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەت-
كەن بولسا ئۇنى ئىچمەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئاپىقى چىقمىغان
توختام سۇنى (كۆلدىكى سۇدىن باشقا توختام سۇنى) ئىچ-
مەيدۇ. قىسقىسى، سۇنىڭ سۈپىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ.
بەزى كىشىلەر «سۇ يەتتە دومىلىسا ھالال» دەپ قاراپ
بۇلغانغان سۇنى ئىچىپمۇ قويىدۇ ۋە نەتىجىدە مەلۇم
كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار مەيلى تاماق يېيىشتە بولسۇن ياكى سۇ ئى-
چىشتە بولسۇن، ئەرلەر ئاياللاردىن ئاشقان تاماقنى يېمەيدۇ،
سۇنى ئىچمەيدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق قىلسا ئەرلەر خوتۇنىدىن
قورقىدىغان بولۇپ قالارمىش. ئەمما ئاياللار ئەرلەردىن
ئاشقاننى يەيدۇ ۋە ئىچىدۇ. بۇ روشەنكى ئەرلەر ھۆكۈمرانـ-
لىقىنىڭ قالدۇقلىرىدۇر.

ھەرقانداق دىندا دىن مۇخلىسلىرىنىڭ مەلۇم مۇددەت
تاماق يېمەسلىك، سۇ ئىچمەسلىك ئارقىلىق تەقۋادارلىقىنى
ئاشۇرۇشنى، ئۆزىنى چېنىقتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. جۈملە-
دىن، بۇددا دىنىدىكى تۈرلۈك پەرھىزلەر، ئىسلام دىنىدىكى
ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 9 ـ ئاي رامزان ئېيىدىكى 30
كۈن تۇتىدىغان روزا بۇنىڭ مىسالىدۇر. بۇددا ئېتىقادى
دەۋرىدە بۇددا مۇخلىسلىرىدىن بولىدىغان ئۇيغۇرلار پۈتۈن
ئۆمرىدە گۆش، ھاراق، ئويۇن ـ تاماشا ۋە ھاۋايى ـ ھە-
ۋەسلەردىن پەرھىز تۇتۇپ ئۆتەتتى. بۇ ئۇلار ئۈچۈن مەڭ-
گۈلۈك چەكلىمە بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئىسلام دىنىدىمۇ مۇ-
سۇلمانلارنىڭ رامزان روزىسى تۇتۇشى پەرھىز سۈپىتىدە
بەش چوڭ دىنىي مەجبۇرىيەتنىڭ بىرسىدۇر. ئۇيغۇرلار
ئىسلام ئېتىقادىدىن كېيىن رامزان ئېيىدا سۈبھىدىن ئىلگە-
رىكى ۋاقىتتىن تارتىپ تاكى كۈن پاتقىچە تاماق يېيىشتىن،
سۇ ئىچىشتىن، دورا يېيىشتىن، تاماكا چېكىشتىن، جىنسىي
ئالاقىدىن ۋە باشقا شەھۋانىي، ناتوغرا ئىشلاردىن، قان ئال-
دۇرۇشتىن، ئوكۇل سالدۇرۇشتىن قاتتىق چەكلىنىپ كەلگەن.
ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇشۇ بەلگىلىمە جارى
بولۇپ كەلمەكتە. رامزان روزىسىنىڭ ئاساسىي چەكلىمىسى
يېمەك ـ ئىچمەككە قارىتىلغان بولۇپ، سۈبھى پەيتىدە يې-
يىلگەن غىزا (زوھۇرلۇق) بۇ پەرھىزنىڭ باشلىنىشى بولسا،
كۈن پاتقاندا يېيىلىدىغان غىزا (ئىپتارلىق) بۇ پەرھىزنىڭ
بىكار قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەرتىپ مۇشۇ ھا-
لەتتە 30 كۈن داۋاملاشقاندىن كېيىن ئاندىن ئاخىرلىشىدۇ.
ئۇيغۇرلار يەنە روزىدار كىشى يېنىدا شۇ كىشىنىڭ نەپسىنى
قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن تاماق يېيىشتىن، ئىچىملىك ئى-
چىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن رامزان ئايلىرىدا
كوچىلاردا ئاشپۇزۇللار ئېچىلمايدۇ، كوچا ـ كويلاردا روزا
تۇتمىغان كىشىلەرمۇ نەرسە ـ كېرەك يېيىشتىن ئېھتىيات قى-
لىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدە شۇنداق بىر

MIRAS

ئەھۋالمۇ باركى، كىشىلەر ئادەتتە يەپ باقمىغان بىر قىسىم يېمەكلىكلەرنى (مەسىلەن، سىرتتىن كەلتۈرۈلگەن يېڭى يېمەكلىكلەرنى) ۋە ئىچىملىكلەرنى (مەسىلەن، گازلىق سۇ، شامپان ۋە باشقا ئىسپىرتسىز ئىچىملىكلەرنى) ئىچىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ. بەزى كىشىلەر بىر خىل يېمەكلىكنى ياقتۇرمىسا، يەنە بەزىلەر يەنە بىر خىل يېمەكلىكلەردىن ئۆزىنى تارتىدۇ. بۇنداق يېمەكلىكلەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلسە كۆڭلى ئېلىشىدۇ. مەسىلەن، دېڭىزدىن تولىمۇ يىراق ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئۇچۇن بارلىق دېڭىز مەھسۇلاتلىرى غەيرىي تۇيۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى يېيىشنى كۆپىنچە رەت قىلىدۇ. بىزنىڭچە يۇقىرىقى ئەھۋاللار ھەقىقىي مەنىدىكى پەرھىز قاتارىغا كىرمەيدۇ. چۈنكى ھەقىقىي يېمەك ـ ئىچمەك پەرھىزى مەلۇم خىل يېمەكلىكلەر ۋە ئىچىملىكلەر بار مۇھىتتا يېگۈسى بار تۇرۇپمۇ ئۆزىنى مەلۇم ئېتىقاد سەۋەبىدىن ياكى خۇراپىي قاراش سەۋەبىدىن ئاشۇ خىل يېمەكلىكلەردىن ئۆزىنى چەكلەش بولۇشى كېرەك. ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتە يېمەيدىغان غىزالارنى بۇ ساھەگە كىرگۈزۈش توغرا بولمايدۇ.

خۇلاسە قىلساق، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك دائىرىسى جۇغراپىيىۋى مۇھىت، دىنىي ئېتىقاد ۋە خۇراپىي قاراشلار تەرىپىدىن يۇقىرىقى دائىرىلەردە چەكلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە خۇراپىي تىپتىكى يېمەك ـ ئىچمەك پەرھىزلىرى ھازىر تېز سۈرئەتتە يوقالماقتا. دىن سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان پەرھىزلەر بولسا كۆپىنچە شۇ خەلقنىڭ ئېتىقاد ئۆزگىرىشى بىلەن ھەمقەدەم بولىدۇ. ساغلاملىق نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېمەك ـ ئىچمەك پەرھىزلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ يېڭى ـ يېڭى ئىسپاتلارغا ئېرىشمەكتە. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئۇلارنى يەنىمۇ ئىلمىي ھالەتتە چۈشىنىپ، چەكلىنىدىغان بولماقتا.

***2. غىزالىنىش ئۇسۇلىغا ئائىت پەرھىزلەر***

ئىنسان ئۈچۈن تاماق يېيىش يالغۇز جىسمانىي تەلەپنى قاندۇرۇش، قورسىقنى تويغۇزۇش ئىشىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ مەدەنىيەت تۈسىنى ئالغان، مىللەتنىڭ ئەخلاق ئېڭى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەرىكەتتۇر. تاماق يېيىش ئۇسۇلى ھەر بىر مىللەتتە نىسپىي مۇقىم ئەنئەنە بولۇپ شەكىللەنگەن، ئۇ شۇ مىللەتلەرنىڭ ئەخلاق قارىشى، ئېتىقادى ۋە ئاڭ سەۋىيىسىنى مەلۇم جەھەتلەردىن كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئۇيغۇرلار تاماق يېيىشنى مۇقەددەس ۋە كەسكىن ئىش دەپ قاراپ، تاماق يېيىش ئۇسۇلىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ تاماق يېيىش ئۇسۇلىغا دائىر قىسمەن پەرھىزلىك ئادەتلەرنى بايان قىلىمىز.

ئالدى بىلەن، ئۇيغۇرلار داستىخان سالماي تاماق يېيىشنى ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ. داستىخان ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە قۇت ـ بەرىكەت پەيدا بولىدىغان نەرسە بولۇپ، ھەر بىر ئائىلىدە كەم دېگەندە بىر ـ ئىككى داستىخان بولىدۇ. تاماق يېيىشتىن بۇرۇن داستىخان سېلىنىدۇ ۋە ئائىلە ئەزالىرى داستىخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇشىدۇ. ئۇيغۇرلار داستىخاننى دەسسىمەيدۇ، ئۇنى ئاتلاپ ئۆتمەيدۇ. داستىخاننىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈشكە توغرا كەلسە، ئولتۇرغانلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتۈپ بارىدۇ. يەنە داستىخان سالغاندا ئۇنى مەيلى ئادەم ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ھامان كەڭ يېيىپ سالىدۇ، قاتلىمايدۇ. چۈنكى داستىخاننى كەڭ يېيىپ سالسا بەرىكەتمۇ كۆپ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. داستىخان سالغاندا يەنە ئۆي تېمىغا پاراللېل ھالەتتە سالىدۇ. قىڭغىر سالسا شۇ ئۆيدە سوقۇش ـ ماجىرا چىقىدۇ، دەپ جورۇيدۇ. ئىلى ئۇيغۇرلىرىدا تاماق ۋاقتىدا قىزلار داستىخاننىڭ بۇرجەك تەرىپىدە ئولتۇرۇپ غىزالىنىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار. ناۋادا شۇنداق قىلسا قىزنىڭ تەلىيى كەلمەيدىكەن. ئۇيغۇرلار بالىلارنى، توي قىلمىغان قىزلىرىنى ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ ھەر بىر ئىشتا ئۇلارنى ئەڭ ياخشى ھالەت ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، مۇناسىپ ھالدا قىزلارنى ۋە كىچىك بالىلارنى داستىخاننىڭ يان تەرىپىدە ياكى ئەڭ لايىق دەپ قارالغان تەرەپتە ئولتۇرغۇزىدۇ. ئىلى ئۇيغۇرلىرى يەنە داستىخاننىڭ قاتلانغان تەرىپىنى ئىشىك تەرەپكە قارىتىپ سېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق قىلسا، ئۆيگە كەلگەن ئوغۇل تەرەپ ئەلچىسى يېنىپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئۇيغۇرلاردىكى داستىخان بىلەن قىز بەرىكىتىنى ئوخشاش دەپ ئىرىمداشنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. ئۇيغۇرلار داستىخاننىڭ ئۈستىدە غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، قوللىرىنى داستىخانغا سۈرتمەيدۇ. شۇنداق قىلسا بۇ ئەدەپسىزلىك بولغانىنىڭ سىرتىدا يەنە ئۆلگەنلەرنىڭ روھىنى ئۇيىتىدۇ (رەنجىتىپ قويىدۇ) دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى، خەلق ئىشەنچلىرىدە ئەرۋاھلار تائامغا ئەمەس، بەلكى داستىخانغا ئامراقئىمىش. ئۇيغۇرلاردا يەنە «ئالدىمدا داستىخان تۇرۇپتۇ» دەپ، داستىخان بىلەن قەسەم قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلماي تۇرۇپ داستىخاندىن قوپۇپ كەتمەيدۇ. ناۋادا داستىخان كىر بولۇپ كەتسە،

ئۇنى يۇيۇشتا ئېقىن سۇدا يۇيمايدۇ، مۇشۇنداق قىلسا بەرىكەت سۇ بىلەن ئېقىپ كېتىدۇ، دەپ ئىرىمدايدۇ. قىسقىسى، داستىخان ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە مۇقەددەس ۋە ئىرىملىك نەرسە قاتارىدا سانىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تاماق يېيىش سايمانلىرى قوشۇق، پىيالە، چىنە، ئاپقۇر، ساپال قاچا، تەخسە ۋە لېگەندىن ئىبارەت. ئىدىقۇت دەۋرىدە ئۇيغۇرلار يەنە بامبۇك ۋە سۆڭەكتىن ياسالغان چوكا ھەمدە پىچاقلارنىمۇ ئىشلەتكەنىدى. بۇ ھەقتە ۋون گابائىن «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ھايات» ناملىق كىتابىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «بىز شۇنداق قارىساق بولىدۇكى، خەنزۇلارغا ئوخشىمىغان ھالدا، ئۇيغۇرلار تاماق يېگەن ۋاقىتتا پاكار ئۈستەل ياكى كەڭ يېيىلغان داستىخان ئەتراپىدا تىزلىنىپ (يۈكۈنۈپ) ئولتۇرىدۇ. چوكا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بەلۋېغىغا ئېسىلىدىغان بىر خىل زىننەت بۇيۇمى بولغاچقا، چوكا كەڭ تارقالغان بىر خىل بۇيۇم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆرۈشكە بولىدۇكى، كىشىلەر بىر جۈپ ياغاچ چوكا ياكى بىر جۈپ سۆڭەك چوكا بىلەن نەرسە يەيدۇ... ئىدىقۇتتا بەزى قوشۇقلار، چوكىلار ۋە پىچاق (غىزالىنىشتا ئىشلىتىلىدىغان پىچاق)لار يەنىلا ساقلىنىپ قالغان». (گېرمانىيە ۋون گابائىن: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ھايات»، تۇرپان شەھەرلىك يەرلىك تەزكىرە تەھرىرلىك ئىشخانىسى نەشرى، خەنزۇچە تەرجىمىسى، 66 ــ بەت).

ئەمما ئىسلامىيەت دەۋرىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار چوكىنى كۆپ ئىشلەتمەيدىغان بولدى. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىچە تاماق ئۇلۇغ نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى چوكا بىلەن قىسىپ ئېلىش ــ تاماققا بولغان ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ سانالغان. شۇ سەۋەبتىن، چوكا بىلەن تاماق يېيىشتىن ئۇيغۇرلار خېلى مەزگىلگىچە پەرھىز قىلىپ كەلگەن. چوكا بىلەن يېيىلىدىغان لەغمەن قاتارلىق تاماقلارنىمۇ قولى بىلەن يېيىشكە ئادەتلەنگەن. ئەمما يېقىنقى مەزگىللەردە چوكا ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا قايتا سىڭىپ كىرىپ، ئاساسلىق غىزالىنىش سايمىنى بولۇپ قالدى. نەتىجىدە چوكا بىلەن تاماق يېمەسلىك پەرھىزىمۇ تەدرىجىي يوقىلىپ بارماقتا. ئۇيغۇرلار ئىسلام ئېتىقادى سەۋەبىدىن ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان قاچا ــ قۇچا، قوشۇقلارنى ئىشلىتىپ تاماق يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ھەرقانچە باي ئائىلىلەردىمۇ مۇنداق ئىش چەكلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە توي قىلمىغان قىز ــ ئوغۇللىرىغا پۇچۇق قاچىدا تاماق بەرمەيدۇ. مۇشۇنداق قىلسا رىزقى كەم بولىدۇ، دەپ جورۇيدۇ. بۇ ئىنتايىن كەڭ تارقالغان بىر قاراشتۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ رامىزان روزىسى تۇتقان ھالەتتە تاماق يېيىشتىن چەكلىنىشىدىن باشقا، يەنە جۇنۇپ ھالەتتە تاماق يېيىشتىن، سۇ ئىچىشتىنمۇ قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق ھالەتتە تاماق يېسە، يېگەن لوقمىسى ھارام بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئەمما بۇ ئىسلامىي قائىدە ئەمەس، بەلكى جۇنۇبەتلىكنى ئىنتايىن ناپاكلىق، دەپ قاراشنىڭ نەتىجىسىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە مۇنداق يازىدۇ.

2858. يېقىن كەلمىسۇن ئاشقا ناپاك كىشى،

ئېرىغسىز كىشىنىڭ ئېرىغسىز ئىشى.

(يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ــ يىلى 5 ــ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 605 ــ بەت).

ئۇيغۇرلار يەنە قىسمەن يېمەكلىكلەرنى يېيىشتە ۋاقىت ــ چاغقا قارايدۇ. يەنى، مەلۇم ۋاقىتلاردا مەلۇم خىلدىكى يېمەكلىكلەرنى يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئاپتاپپەرەسنىڭ خۇسۇسىيىتىگە تەققاسلاپ، ئۇنى ئەتىگەندە چېقىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق قىلسا، كىشى بىر كۈن كەچكىچە قۇرۇق تۆھمەتكە دۇچار بولۇشتىن ئامان قالماسكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەركەندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا زاۋال پەيتىدە ئۆچكە چېقىپ يېسە قەرزدار بولۇپ قالىدۇ، دەپ قاراپ، ئەنە شۇنداق چاغدا ئۆچكە چېقىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەتمۇ بار.

ئۇيغۇرلار تاماق يېيىش جەريانىدا تاماققا قىلىنىدىغان ھەرقانداق ناتوغرا مۇئامىلە ياكى ئەدەپسىزلىكنى چەكلەيدۇ. ھەر تاماق ۋاقتىدا غىزالىنىش ئەدەپلىرىنى تەكىتلەپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار تاماق پىشقاندىن كېيىن، تاماقنىڭ تۇنجىسىنى شۇ ئۆيدىكى توي قىلمىغان قىزلارغا بېرىدۇ. ناۋادا ئۆيدە كەچىك باللار بولسا ئالدى بىلەن ئاشۇلارغا بېرىپ، ئاندىن قىز بالا، ئاندىن ئائىلە باشلىقى، ئاندىن ئوغۇل بالا، ئاخىرىدا تاماق ئەتكۈچى (ئانا) دېگەندەك تەرتىپ بويىچە غىزالىنىدۇ. ئەگەر تاماق بىرلا قېتىمدا پىشىدىغان بولسا، قاچا سۇنغاندا يۇقىرىقى تەرتىپنى ساقلاشقا تىرىشىدۇ. تاماق يېيىش تەرزى جەھەتتە ئۇيغۇرلار مېڭىپ يۈرۈپ تاماق يېيىشتىن، گەپ قىلغاچ تاماق يېيىشتىن، تاماق يەۋېتىپ كۈلۈشتىن، ئوسۇرۇشتىن، ئۆرە تۇرۇپ تاماق يېيىشتىن، تاماق يەۋېتىپ بۇرۇن تارتىشتىن ۋە مىشقىرىشتىن، تاماق يەۋېتىپ باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن، يېتىپ تۇرۇپ تاماق يېيىشتىن (بىمار ۋە بوۋاقلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا)، تاماق

MIRAS

ۋاقتىدا تولا سۆزلەشتىن، باشقىلارنىڭ لوقمىسىغا تىكىلىپ قاراشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. بۇنداق قىلىشنى بىھۆرمەتلىك دەپ قارايدۇ. تاماق يېيىشتە ئولتۇرۇپ، گەپ قىلماي غىزالىنىشنى تەكىتلەيدۇ. قىياپەت جەھەتتە ئۇيغۇرلار يەنە ئارقىسىغا يۆلىنىپ، تەكەببۇرانە قىياپەتتە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار تاماق يېگەندە ئەرلەر بەدەشقان قۇرۇپ، ئاياللار يانچە ئولتۇرۇپ، ياكى ھەممە كىشى يۈكۈنۈپ ۋە ياكى بىر پۇتىغا ساغرىسىنى قويۇپ، بىر پۇتىنى يەرگە قويۇپ، ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ ئولتۇرۇشنى تەكىتلەيدۇ. غادىيىپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ھالەتتە تاماق يېيىشنى يامان كۆرىدۇ. مۇتەپەككۇر يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە ئۇيغۇرلاردىكى تاماقلىنىش ئۇسۇللىرى ھەققىدە مۇنداق مىسرالارنى قالدۇرغانىدى:

4128. ئەگەر ئاشقا بەگلەر قىچقىرسا سېنى،
ئەدەپ بىلەن ئاش يە، بەك ئۆگەن بۇنى.
4129. يېمەكنى ئال ئوڭ قول بىلەن ئەي ھېكىم،
ئاۋۋال ئېيت «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم».
4130. كىشىنىڭ ئالدىغا قولۇڭ سۇنماغىل،
ئىي زېرەك، ئۆز ئالدىڭدىكىنى يېگىل.
4131. چىقارما پىچاق ھەم سۆڭەك غاجىما،
كىشىنى ئىنىدىمە، يېمەك ئۇزارتما.
4132. يېمە تۇيمىغۇردەك ئالدىراپ تىقىپ،
ئاياللاردەك يەنە تۇرما ناز قىلىپ.
4596. سېنىڭدىن ئۇلۇغ ئاشقا سۇنسا قولىن،
يوسۇن شۇكى، قولۇڭنى ئۇزاتقىن كېيىن.
4598. كىشىنىڭ ئالدىدىن لوقما ئالمىغىن،
نېمە بولسا ئالدىڭدا شۇنى يېگىن.
4599. پىچاق چىقارما غاجىما سۆڭەك،
بولۇپ كەتمە چاپىقاق، تۇزۇت قىلما بەك.
4500. توق ئولساڭمۇ قانچە يېگۈلۈك ئۇ ئاش،
ئېشىلە كىشىگە ھۆرمەت قىل، ئاداش.
4601. يېمەكلەرنى چىشلەپ ئۇششاق چاينىغىل،
قىزىق ئاشنى ئاغزىڭدا پۇۋدىمىگىل.
4602. سۇرۇنمە يېمەكتە داستىخان سېرى،
تۇزەت خۇلق، كەتمىسۇن كىشى پەيزلىرى.

(يۇسۇپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ــ يىلى 5 ــ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە).

ئۇيغۇرلاردا يېقىنقى بىر مەزگىلگىچە، تاماق يېگەندە، باشقا چوقۇم باش كىيىمى كىيىۋېلىش تەلەپ قىلىناتتى. يالاڭباش ھالەتتە تاماق يېيىش ئىنتايىن يامان كۆرۈلەتتى. ھازىر بۇ ئەھۋالدا نىسبەتەن ئۆزگىرىش بولدى. ئۇيغۇرلار ئوڭ قولدا تاماق يېيىشنى نورمال ۋە ياخشى ئەھۋال دەپ قاراپ، سول قولدا تاماق يېيىشنى يامان كۆرۈپ چەكلەيدۇ. ياخشى ئىشلارنى ئوڭ قولدا قىلىش، ياخشى نەرسىلەرنى ئوڭ قولدا تۇتۇش، يامان ۋە ناپاك نەرسىلەرنى سول قولدا تۇتۇشقا بۇيرۇش ئىسلام دىنىدىكى تەشەببۇس بولۇپ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدە بۇ ھەقتە كۆپ بايانلار باردۇر. مۇناسىپ ھالدا، غىزا پاك نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئوڭ قولدا تۇتۇپ يېيىش يۇقىرىقى تەشەببۇسقا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇيغۇرلارناننى ئۇلۇغلاپ، نان يېيىش تەرتىپىگە ئالاھىدە رىئايە قىلىدۇ. مەيلى نان بولسۇن، ياكى باشقا غىزا بولسۇن، تەمنى ياكى ھىدىنى بىلىش ئۈچۈن ئەسلا پۇرىمايدۇ. ئۇيغۇرلار ناننى ياكى باشقا تاماقلارنى كۆتۈرۈپ مېڭىپ يۈرۈپ يېيىشتىن قەتئىي پەرھىز قىلىدۇ. ھازىرقى كىشىلەرمۇ بىرەر كىشى مېڭىپ يۈرۈپ نان يەۋاتقان بولسا «نامرات بولغۇڭ كەلدىمۇ؟» دەپ ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى چەكلەيدۇ. ئۇيغۇرلار يولدا چېچىلىپ كەتكەن نان ئۇۋاقلىرىنى ئۇچرىتىپ قالسا، ئۇنى يولنىڭ بىر چېتىگە ئېلىپ قويىدۇ ياكى پۇۋلەپ ئاغزىغا سالىدۇ. ھېچكىم ناننى تاشلىمايدۇ، خارلىمايدۇ. ناننى بىر قولدا ئۇشتۇشتىن، تەتۈر تۇتۇپ يېيىشتىن، ناننى پىچاق بىلەن كېسىشتىن، ھەم داپ چالغاندەك چېلىشتىن بەك پەرھىز قىلىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ناننى ئۇلۇغلاشتىن كېلىپ چىققان پەرھىزلىك ئادەتلەردۇر. بەزى يەرلەردە ئۇيغۇر ئاياللىرى مېھماندارچىلىقتا بارغاندا، داستىخان ئۈستىدە ئۆزى يەپ ئېشىپ قالغان ناننىڭ پارچىسىنى داستىخاندا قويۇپ قويماي ئېلىۋالىدۇ. ناۋادا قويۇپ قويسا بالىسى تۇرماس بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇرلار تاماق تاللاشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىدۇ. بەرەر تاماق ئالدىغا كەلتۈرۈلگەندە تاماقنى «ئوخشىماپتۇ» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلمايدۇ. ناۋادا شۇنداق دېسە، تاماق ئۇيىلارمىش. يەنە تاماقنى پاكىز تۈگىتىپ يېمەسلىكتىن، قاچىنىڭ ئاستىدا تاماق يۇقۇندىلىرىنى قويۇپ قويۇش پەرھىز قىلىنىدۇ. ناۋادا تاماقنى پاكىز يېمىسە (قاچىدىكى يۇقۇندىلارنى قويماي، تۈگىتىپ يېمىسە) شۇنداق قىلغۇچىنىڭ بالىسى سەت بولۇپ قالارمىش ۋە بەختى قاچارمىش. بۇ پەرھىزدە ئاز ــ تولا سېھرىي قاراش بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش ئەنئەنىسىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئېنىق. يەركەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى بىر ئادەتتە مۇنداق

پەرھىز بار. يەنى، بالىلار تاماق يەۋاتقاندا، چوڭلار ئۇلارنىڭ ئاشنىڭ قويۇقى بىلەن سۇيۇقىنى تەڭ ئىستېمال قىلىشىنى تەكىتلەپ: «سۇيۇق تاماقنى يېگەندە، قويۇق قىسمىنى بالدۇر يەۋېلىپ، سۇيۇق قىسمىنى كېيىن ئىچسە دادىسىدىن بالدۇر ئايرىلىپ قالىدۇ، سۇيۇق قىسمىنى بالدۇر ئىچىۋېلىپ، قويۇقىنى كېيىن يېسە ئانىسىدىن بالدۇر ئايرىلىپ قالىدۇ» دەپ بالىلارنى قورقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئەھۋالىغا پايدىلىق تەكلىپكە سېھرىي تۈس بېرىپ تەربىيىلەيدۇ. بۇمۇ ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتىدىكى قىزىقارلىق بىر ئەھۋالدۇر. ئۇيغۇرلاردا يەنە بوسۇغىدا ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشنى چەكلەيدىغان ئەھۋالمۇ بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تاماق ۋاقتىدا ئەشمىس پاتىمەم بوسۇغىدا ئولتۇرۇپ، شۇ ئۆيگە قۇت - بەرىكەت تىلەيدىكەن. ناۋادا تاماق يېگۈچى بوسۇغىدا ئولتۇرۇۋالسا، ئەشمىس پاتىمەم بوسۇغىدا ئولتۇرالمايدىكەن - دە، شۇ ئۆيگە بەرىكەت تىلىمەيدىكەن. ئەمەلىيەتتە، داستىخاندا تاماق يېيىشكە ئادەتلەنگەن خەلققە نىسبەتەن، ئادەم كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغان بوسۇغىدا ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش بىنورماللىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چەكلىمە ئىشىكتىن كىرىپ - چىقىدىغانلارغىمۇ پايدىلىق. «ئەشمىس پاتىمەمنىڭ بوسۇغىدا ئولتۇرۇشى» بولسا ئەپسانىۋى توقۇلمىدۇر.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)




ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

«مىراس» ژۇرنىلى «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىدىكى قوش ئۈنۈم ياراتقان ژۇرنال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ 2 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدىكى «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەر خىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلەر، «ئادەت قېرىماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ - ئادەتلىرى، «بۇرۇنقىنىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر، «يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر، «كۈلكە - جان ئوزۇقى» سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە - يۇمۇرلار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، «ساقلىقىڭ - شاھلىقىڭ» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر، «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئائىلەڭدىن باشلا» سەھىپىسىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيىلەش توغرىسىدىكى ئۆگۈت - بىلىملەر، «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا - ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزلارغا شەرم - ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، بالىلارغا ئەقىل - پاراسەت، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2007 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار - يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز، ژۇرنىلىمىزنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى CN65- 1130\ I

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 _ 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 _ 58

پوچتا نومۇرى: 830001

تېلېفون نومۇرى: 0991 _ 4554017

فاكس: 0991 _ 4554015

**E- mail:** mirasuyghur@ 126. com

ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى 30.00 يۈەن، يەككە باھاسى: 5.00 يۈەن

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

MIRAS

www.uyghurkitap.com

# ئىلى مەشرىپى

مەشرەپنىڭ بىزدە قاچاندىن بېرى ئوينىلىپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. لېكىن مىلادى 5 ـ ، 6 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق قىزىل مىڭ ئۆيدىكى (38 ـ ، 11 ـ غارلار)، تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيدىكى (25 ـ غار) ۋە كۇچا قۇمتۇر مىڭئۆيدىكى (30 ـ غار) تاملارغا سىزىلغان سۈرەتلەرنى نەزەردە تۇتقاندا ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرىدىكى:

ھەممە سازلار تۈزۈلدى،
ئىۋرىق، ئىدىش تىزىلدى.
سەنسىز كۆڭۈل بۇزۇلدى،
كەلگىن، ئاستا ئوينايلى.

ئىۋرىق بوينى غاز كەبى،
قەدەھ تولۇق كۆز كەبى.
ھەسرەتنى تۈۋىگە يوشۇرۇپ،
تۈن ـ كۈن بىلەن سۆيۈنەيلى.

ئۆچرەت ئىچىپ ۋارقىرايلى،
يۇقىرى قوپۇپ سەكرەيلى.
ئارسلاندەك ھۆركىرەيلى،
قايغۇ قاچتى، سۆيۈنەيلى.

شەھەردە تۇرىدىغانلار ئۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئۇزمەي يىل بويى ئوينىشى مۇمكىن. يېزىدىكىلەر بولسا (يىغىم ـ تېرىم ئىشلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن) مەشرەپنى كۆپىنچە كەچ كۈزدىن تارتىپ باشلايدۇ.

مەشرەپكە قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانى چەكلەنگەن، كۆپ بولسا 20 ـ 30 كىشىدىن ئاشمايدىغان مۆلچەردە بولىدۇ. نېمىشقا دېگەندە مەشرەپكە قاتنىشىدىغانلارنىڭ ھەممىسى تويلاردىكىدەك ئىككى ـ ئۈچ ئۆيگە بۆلۈنۈپ ئەمەس، بىر ئۆيدە ئولتۇرۇشى، چېلىنىۋاتقان ساز، ئېيتىلىۋاتقان ناخشا، بولۇۋاتقان قىزىقچىلىق، چاقچاق ۋە ئويۇنلارنى دەرقەمدە تۇرۇپ ئاڭلىشى، كۆرۈشى ۋە ئۇلارغا بىرلىكتە ئارىلىشىشى لازىم.

مەشرەپنى قانچە كۈندە بىر قېتىم بېرىشمۇ ئۇنىڭغا قاتناشقانلارنىڭ سانىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن، 24 ئادەم بولسا، بىر يىلدا تۈگىتىش مۆلچەرلەنگەندە ھەر 15 كۈندە بىر كىشىگە مەشرەپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ھەر تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن يىل تۈگەپ قېلىپ (باھاردا باشلانغان مەشرەپ، يەنە باھارغا كېلىپ) مەشرەپ بېرىدىغانلار ئېشىپ قالسا، مەشرەپنى ئىككى ـ ئۈچ ئادەم بىرلىشىپمۇ بېرىۋېتىدۇ. بولۇپمۇ، مۇنداق مەشرەپلەر (ئىچقىمنى كۆتۈرىدىغانلار كۆپ بولغاچقا) دەريا بويلىرىدا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ساپ ھاۋالىق جايلاردا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرى بىر مەھەللىدە تۇرىدىغانلارمۇ، بۇ مەھەللىدىن بىر، ئۇ مەھەللىدىن ئىككى ـ ئۈچ دېگەندەك ھەر يەردىن يىغىلغانمۇ بولاتتى.

مەشرەپكە قاتناشقانلارنىڭ قانچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار «ئوتتۇز ئوغۇل» دەپ ئاتىلىدۇ.

مەشرەپكە قاتناشقانلارنى «مەشرەپ ئەھلى»، قاتناشمىغانلارنى بولسا «مەشرەپتە يوق» دەيدۇ. شۇنداقلا، بىزنىڭ دانىشمەن خەلقىمىز ھەر قانداق رەسىم ـ قائىدىنى ئۆز ئورنىدا بەجا قىلىدىغان، خۇش مۇئامىلە، مېھماندوست كىشىلەرنى «ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ گۈلى»، ئۇنىڭ ئەكسىچە

بولغانلارنى «مەشرەپ كۆرمىگەن» دېيىش بىلەن ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىخچام، توپتوغرا باھاسىنى بېرىشنى بىلگەن.

مەشرەپتە ئولتۇرۇپ - قوپۇشنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا تەرتىپى بار. ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ ناۋان - ناۋاندا بەدەشقان (پاششاپ بەگنىڭ رۇخسىتى بىلەن) قۇرۇپ ئولتۇرغىنى بولمىسا، ئۇلار كۆپىنچە «يەكتىز» ياكى «جۈپتىز» ئولتۇردۇ. مۇنداق ئولتۇرۇشنىڭ ئەھمىيتى، بىرىنچىدىن، ئولتۇرغان كىشىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى ئاز بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ساز - ناخشىلارنىڭ تەسىرىدىن ئېزىلىپ، مۇڭدەپ قېلىشقا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ ئۆزئارا، مېھمانلار ئالدىدا، ئەدەب ساقلاپ ئولتۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بىرەرسىنىڭ تاماكا چەككۈسى كەلسە، پاششاپ بېگىدىن «ئەدەب» سورايدۇ. رۇخسەت بەرگەندىن كېيىنلا سىرتقا چىقىدۇ. ئەگەر ئىلتىماس قىلىۋاتقان كىشى بىر قانچە مەشرەپلەردە سىرتقا چىقىپ، كېچىكىپ كىرگەن بولسا، پاششاپ بېگى «ئەدەبلىك بولۇڭ - ھە!» دەپ ئەسكەرتكەن ھالدا رۇخسەت بېرىدۇ.

مەشرەپنى باشقۇرغۇچىلار تۆۋەندىكىچە:

يىگىت بېشى (ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ بېگى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) - ئۇ مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرىنى مەشرەپ بولۇۋاتقان كۈنلا ئەمەس، ھەممە ۋاقىتتا باشقۇرىدۇ. چۈنكى، مەشرەپ ئۆتكۈزۈلۈۋاتقاندىكى پائالىيەتلەرمەشرەپ پائالىيىتى، مەشرەپ سىرتىدىكى (يۇرت ئىچىدىكى) پائالىيەتلەر، ئوتتۇز ئوغۇل پائالىيتى دەپ ئاتالغاچقا، يىگىت بېشى بولغان ئادەم مۇشۇ ھەر ئىككى پائالىيەتنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىغا، جامائەت ئارىسىدىكى رەسىم - قائىدىلەرنىڭ بۇزۇلماسلىقىغا مەسئۇل بولىدۇ. شۇ چاغلاردا كۆپ ئادەملەر ئائىلىسىدىكىلەر ياكى قوشنىلىرى بىلەن جاڭجاللىشىپ قالسا، دەۋا ئىشلىرى يۈز بەرسە، يىگىت بېشىنىڭ ئالدىغا بېرىشقا ئالدىرىغان، قىسقىسى ئۆز يۇرتىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئەللىك بېشى، يۈز بېشى ۋە باشقىلارغا قارىغاندا، يىگىت بېشىغا بەكرەك ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇنىڭ ئادىللىقىغا ئىشەنچىسى چوڭ بولغان.

قازى بېگى - ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ قىلغان ئەرز - شىكايەتلىرىنى، مەشرەپنىڭ تەرتىپ - قائىدىلىرىنى بۇزغانلارنى سوراپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

پاششاپ بېگى - مەشرەپ بولۇۋاتقان كۈنى ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ تەرتىپىگە قارايدۇ. مەشرەپ قائىدىلىرىنىڭ بۇزۇلماسلىقىغا جاۋابكار.

كۆل بېگى - مەشرەپ ۋاقتىدا داستىخان سېلىنغاندىن تارتىپ، تا ئۇ ئاخىرقى رەت يىغىلغانغا قەدەر پۈتۈن يېمەك - ئىچمەك ئىشلىرىغا قارايدۇ.

دارا بېگى - ناخشا - سازنى باشقۇرىدۇ.

غەزىنىچى بەگ - ئىقتىساد ئىشلىرىغا مەسئۇل.

يۇقىرىقى بەگلەر ئەلۋەتتە، ئۆز ئۈستىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئادەملەردىن بولۇشى لازىم. ئوتتۇز ئوغۇلمۇ «مۇشۇ ئىشلارنىڭ ماھىرى» دەپ تونۇغانلارنى ئوچۇق ئاۋاز بىلەن سايلايدۇ.

مەشرەپ بەگلىرى مۇنداق ئەھۋالدا سايلىنىدۇ: «مەشرەپ» ئوينايمىز دەپ كېلىشكەن كىشىلەرنىڭ بىرى تەشەببۇس قىلىپ «بىرىنچى مەشرەپنى مەن بېرىمەن» دەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەن ئوتتۇز ئوغۇل مەشرەپنى باشلاشتىن ئاۋۋال بەگلەرنى سايلاپ ئالىدۇ... مەشرەپ تۈگىگەندىن كېيىن كېلەركى مەشرەپنى كىمنىڭ ئېلىشى كېرەكلىكىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. چەكمۇ تاشلىمايدۇ. «سەن بېرىسەن» دېگەندەك بىرسىگە زورلاشمۇ بولمايدۇ. قائىدە بويىچە، شۇ كۈنكى ساھىبخان يەل - يېمىش، مېۋە - چېۋە ياكى تاتلىق - تۈرۈم قاتارلىق يېمەكلىكلەردىن بىر پەتنۇس راسلاپ داستىخان قويىدۇ. سورۇندا ئولتۇرغانلاردىن ئىككى - ئۈچى ئورنىدىن تۇرۇپ، قوللىرىنى قوشتۇرۇپ (بىرىدىن كېيىن بىرى) يىگىت بېشى ۋە كۆپچىلىكتىن كېيىنكى مەشرەپنى ئۆزلىرىگە بېرىشنى سورايدۇ. شۇ چاغدا بەگ (ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ ئېغىدىن ئۆتكۈزۈپ) سورىغانلارنىڭ بىرەرسىگە رۇخسەت قىلىدۇ. مەشرەپنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان كىشى بەگ باشلىق سورۇندىكىلەرگە رەھمەت ئېيتىپ، پەتنۇسنى قولىغا ئېلىپ، ئۇلارنى بەلگىلەنگەن كۈنى ئۆز ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپكە تەكلىپ قىلىدۇ.

مەشرەپنى قانداق بېرىشنىڭ ئېنىق كېلىشكەن شەرتلىرى بولمايدۇ. مەشرەپنى كىمنىڭ قانداق ھالدا بېرىشى ئۇنىڭ ئىقتىسادي ئەھۋالىغا ياكى ئۆزىنىڭ ھىممىتىگە باغلىق بولىدۇ، يەنى:

تاپقىنى قوي ئۆلتۈرۈر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تاپمىغىنى چۈجە ـ خوراز.
تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر،
تاپمىغىنى بىر باش پىياز.
دېگەندەك.

ئەمدى، مەشرەپنىڭ قانداق ئوينىلىدىغانلىقىغا كەلسەك، ئۇ مۇنداق: مەشرەپ بەرگۈچىنىڭ ئۆيىگە (باھار ياكى يازدا بولسا بەلگىلەنگەن جايغا) ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ ھەممىسى ياكى كۆپرەك قىسمى كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن پاششاپ بېگى (ئاڭغىچە ئۇ كىملەرنىڭ كەلمىگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرىنى سۈرۈشتۈرىدۇ) ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ بىرى (ئاسمىنىڭ دەپ تۇرايلى) مەشرىپىگە كىملەرنىڭ كەلمىگەنلىكىنى، قانچىسىنىڭ سەۋەبلىك ياكى سەۋەبسىزلىكىنى يىگىت بېشىغا ئۇقتۇرىدۇ. ھەممىدىن خەۋەر تاپقان بەگ سەۋەبسىز كەلمىگەنلەرنىڭ مەسلىسىنى كېلەركى مەشرەپكە قالدۇرۇپ، نۆۋەتنى كۆل بېگىگە بېرىدۇ.

كۆل بېگى ئۆز ئىشىنى ساھىبخانىغا «قولغا سۇ ئالساڭلار بولىدۇ» دېگەن بىلەن باشلايدۇ. سورۇندىكىلەر قوللىرىنى چايقاپ بولغاندىن كېيىن، داستىخان سېلىنىپ، چاي تارتىلىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىنلا ساھىبخان تەييارلاپ قويغان پىششىق قورۇما ياكى ئىسسىق تاماقنى ئەكىرىدۇ. تاماق يېيىلىپ، چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن قىسقا دەم ئېلىش بولۇپ، ئوتتۇز ئوغۇل تالا ـ تۈزگە چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ساھىبخان داستىخاننى ۋاقىتلىق يىغىشتۇرۇپ قويىدۇ. مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرى قايتا ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، دارا بەگنىڭ ئىجازىتى بىلەن سازەندىلەر سازلىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ، ساز قىلىشقا باشلايدۇ. دەل مۇشۇنداق پەيتتە (مەشرەپ ئۆتۈۋاتقان قايسى ۋاقىتتا بولمىسۇن) سورۇندا پىچىر ـ پىچىر سۆز بولۇپ قالغۇدەك بولسا، پاششاپ بېگى «دىققەت قىلىپ ئولتۇرۇڭلار»، «خەپشۇك!» دېيىش بىلەن قولىدىكى «گۈل تاياق»نى (پاششاپنىڭ مەشرەپتە تۇتىدىغان چىرايلىق، نەقىشلەنگەن ياكى بېزەلگەن تايىقى) ئۆتتۈكىنىڭ قونجىغا ياكى كىگىزگە ئۇرۇپ قويىدۇ. ئۇنىڭغىمۇ توختىمىغانلارنى بولسا، غولىغا ياكى يامپىشىغا ئۇرىدۇ.

ساز بىر ـ ئىككى پەدىگە چېلىنىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ناخشا ئېيتىلىپ، ئۇسسۇللار ئوينالغاندىن كېيىن، تەبئىي ھالدا چاقچاق باشلىنىدۇ. گەپ چاقچاق توغرۇلۇق بولۇۋاتقاندا شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەشرەپ باشلانغاندىن تارتىپ، مەسلەن، چاينىڭ تارتىلىشى، سازنىڭ چېلىنىشى، ئويۇن قىسمىنىڭ باشلىنىشى ۋە باشقا ھەممە نەرسە پاششاپ بېگى، كۆل بېگى، دارا بەگلىرىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئامما چاقچاق قىلىشنىڭ «مەشرەپنىڭ پالانچى يېرىگە كەلگەندە باشلىنىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش ئېنىق بەلگىلەنگەن ۋاقتى بولمايدۇ ۋە بىرەرسىنىڭ چاقچاق قىلغۇسى كەلسە، بەگلەردىن سوراپمۇ ئولتۇرمايدۇ. چاقچاق ئوتتۇز ئوغۇل مەشرەپكە بىرلەپ ـ ئىككىلەپ كېلىشكە باشلىغاندىن تارتىپ (ساز چېلىنىپ، ناخشا ئېيتىۋاتقان ۋاقىتتىن باشقا) تا مەشرەپ تۈگىگىچە ئانچە ـ مۇنچە بولۇپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يول قويۇلىدۇ.

يەنە ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئىلى مەشرەپىنىڭ ئۆز ئالدىغا قاتتىق تەرتىپ ـ ئىنتىزامى بولىدۇ. مۇنداق تەرتىپ ـ ئىنتىزام ئەجدادلىرىمىزدىن كېلىۋاتقان ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىز ئاساسىدا پەيدا بولغان. شۇڭلاشقا ئۇ، بىرىنچىدىن، مەشرەپنىڭ ئۆز قائىدىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلۈشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە خىزمەت قىلسا، ئىككىنچىدىن، گۈزەل ئەخلاقنى ھىمايە قىلىشنى ۋە ئۇنىڭغا خىلاپ كېلىدىغان بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى تۈگىتىشكە خىزمەت قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، يۇقىرىدا بىز ئېيتقان چاقچاق تامام بولۇپ، مەشرەپ ئەھلى سىرتتا بىر ئاز دەم ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن، بىرىنچى بولۇپ ئۆتكەنكى مەشرەپتە كىملەرگە ئىقتىسادىي جازا بېرىلگەن (قانچە قوي، قانچە ئات، تۆگە)، (قوي ـ ئالما، نەشپۈت ـ ئات، تۆگە ـ قوغۇن ـ تاۋۇز) باشقا يېمەكلىكلەرنى قانچىلىك ئەكىلىش بۇيرۇلغان بولسا، شۇلارنى ئۇلارنىڭ ئەكىلىپ تاپشۇرغان ـ تاپشۇرمىغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ. بۇ توغرۇلۇق غەزىنىچى بەگ كۆپچىلىككە ھېسابات بېرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىككى مەشرەپ ئارىلىقىدا مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرىدىن كىملەر مەھەللىلەردە جامائەت ئىشلىرىدا، مەسىلەن، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغلاردا ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقمىدى، كىملەر يۇرتداشلىرى ئارىسىدا (ياكى ئائىلىسىدە) بىرەر كۆڭۈلسىز ئەھۋاللارنى سادىر قىلدى، ئومۇمەن، ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرىدىغان ئىشلارنى قىلغانلار بولدىمۇ. ئۈچىنچى، بۇ قېتىمقى مەشرەپتە كىملەر مەشرەپ قائىدىلىرىگە

تۇغرا كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلدى، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئېنىقلىنىپ، ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن گۇناھنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ ئۇلارغىمۇ جازا بېرىلىدۇ.

مەشرەپتىكى ئويۇنلار ئاساسەن پوتا تاشلاش (بۇنى كۆپرەك ياشلار ئوينايدۇ)، چاي تۇتۇش، گۈلچاي ۋە داۋا (جازا)...لاردىن ئىبارەت، مەسىلەن، چاي تۇتۇش ئويۇنىنى ئالساق، سورۇندا ئولتۇرغانلارنىڭ بىرى، چاي قۇيۇلغان پىيالىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، كۆڭلى خالىغان بىرىگە بېيىت ياكى ناخشا ئېيتىپ «خوش كەتتى» دەپ تۇتىدۇ. چاينى ئالغان كىشى ئوتتۇز ئوغۇلغا «خوش كەتتىڭە كەلمەسلەر» دەپ چاينى ئىچىدۇ. ئاندىن قۇرۇق پىيالىنى ئىگىسىگە بېيىت ئېيتىپ تۇتقان بولسا، بېيىت ئېيتىپ ياكى ناخشا ئېيتىپ قايتۇرىدۇ. ئېيتىلغان بېيىتلەر سوئال ـ جاۋاب تەرىقىسىدە ياكى كېيىنكى ئېيتىلغان بېيىت ئالدىنقى بېيىتقا ماسلاشمايدىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، چاي تۇتقان كىشى:

ئېگىز ـ ئېگىز دۆڭلەردىن
سىيرىلدىم تۈزگە.
قىزىل گۈلنىڭ غۇنچەسىدەك
ئېگىلدىم سىزگە.

مەيلى بىلىڭ، مەيلى بىلمەڭ،
خۇشتارمەن سىزگە.
خۇشتارلىقتا ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۇۋالىم سىزگە.

دېسە، پىيالىنى قايتۇرغان كىشى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغۇسى ياكى ئۆزىنى ئۇستۇن تۇتقۇسى كېلىپ:

ئېگىز ـ ئېگىز دوڭلەردە
چىراغ كۆيەدۇ.
چىراغ ئەمەس، يارىنىڭ ئوتى،
يۈرەك كۆيەدۇ.

ئېگىز دۆڭگە چىقماڭ يارىم،
ئۇچۇپ ئۆلەرسىز.
چىرايلىقنى كۆڭۈل بەرمەڭ،
كۆيۈپ ئۆلەرسىز.

دېيىشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭدەك كۆتمىگەن يەردىن ئۆز دەرد ـ ئەھۋالىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە:

ئالەمدەك رەڭگىلىك ئىدىم،
رەڭگىمنى سارغايتتى پىراق.
ئوڭ يېنىمدا ئوت كۆيەدۇ،
سول يېنىمدا ئىشتىياق.

ئىشتىياقنى تارتا ـ تارتا،
ھېچ ماجالىم قالمىدى.
روھ چىۋىنىدەك سارغىيىپ،
ئۇچارغا ھالىم قالمىدى...

دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇندىكى بېيىتلارنى ئېيتىسمۇ بولۇۋېرىدۇ.

بۇ ئويۇندا كىمنىڭ غالىب چىقىشى، كىمنىڭ يېڭىلىپ قېلىشى ئويۇنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ قوشاق ـ بېيىتلىرىنى، ناخشىلارنى كۆپ ياكى ئاز بىلىشىگە باغلىق. شۇڭلاشقا، بۇ ئويۇن مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرىدىن يۈزلەپ بېيىت ـ قوشاقلارنى ياتلىشىنى، بىلگەنلىرىنى داۋاملىق تەكرارلاپ پىششىقلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

چاي تۇتۇش ئويۇنى تۈگەپ، مەشرەپ ئەھلى تالا ـ تۈزگە چىقىپ كىرگەندىن كېيىن نۆۋەت يەنە ساز بىلەن ناخشىغا بېرىلىدۇ (شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمكى، ھەربىر ئويۇن تۈگىگەندە ساز قىلىش، ناخشا ئېيتىش مەشرەپنىڭ ئۈزۈلمەس كېلىۋاتقان ئەنئەنىسىدۇر).

بىر ھازا ساز چېلىنىپ، ناخشىلار ئېيتىلغاندىن (بەزىدە قىزىق چاقچاقلار بولغاندىن) كېيىن ئوينىلىدىغان ئويۇنلارنىڭ بىرى (مەسىلەن، «داۋا»، «جازا» ئويۇنى دەپ قويايلى) باشلىنىدۇ. يەنى پاششاپ بېگى ھازىردىن باشلاپ ئوردىنىڭ (ئوردا ـ ئۆينىڭ تۆرى، يىگىت بېشى، قازى بېگى ئولتۇرىدىغان جاي) ئوچۇق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇ چاغدا مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرىدىن بىرى، ئورنىدىن تۇرۇپ پاششاپ بېگىدىن ئوردىغا كىرىشكە ئىجازەت بېرىشنى سورايدۇ. پاششاپ بېگى ئوردىدىكىلەرنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن دەۋاگەرگە كىرىشكە بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم! ئوردا ئەھلى، ـ دەيدۇ دەۋاگەر ئوردىغا كىرىپ، قوللىرىنى قوشتۇرۇپ تۇرغان پېتى.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. خوش، قېنى سۆزلەڭ، دەردىڭىزگە يەتكەيمىز، ـ دەيدۇ قازى بېگى.

ــ پۇقرايىڭىز مەنكى ئەخمەت ئابدۇلنىڭ ئالدىڭىزغا

كېلىشىمنىڭ ۋەجى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، «ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ گۆلى» دەپ يۈرگەن ئەكرەم كېرىم بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى مەندىن 100 يۈەن (تەڭگە) قەرز ئېلىۋېدى، ئاخچامنى بېرىش ئورنىغا ئۇنىڭدىن تېنىۋالدى. شۇنى...

— چۈشىنىشلىك،- دەيدۇ قازى، - دەۋا قىلىپ كېلىشكە ئەرزىگىدەك ئىش ئىكەن. بىراق، ئۇنىڭغا بەرگەنلىكىڭىز توغرىسىدا گۇۋاھچىڭىز بارمۇ؟

— بار، مەن ئۇ ئاقچىنى پالانچى جايدىكى سۇۋادان تېرەكنىڭ يېنىدا بەرگەنمەن. شۇ تېرەك، گۇۋاھلىقتىن ئۆتىدۇ.

قازى بېگى ئەخمەتكە «شۇنچىلىك سادda بولغان بارمۇ؟» دېگەندەك قاراپ قويىدۇ - دە، ئاندىن پاششاپ بېگىگە:

— ئەكرەم كېرىم ئوردىغا كەلتۈرۈلسۇن،- دەيدۇ. ئۇ كىرگەندىن كېيىن بولسا:

— سېنىڭ ئەخمەت ئابدۇلدىن پالانچى يەردىكى سۇۋادان تېرەكنىڭ يېنىدا 100 تەڭگە ئالغىنىڭ راستمۇ؟ - دەپ سورايدۇ.

— يوقسۇ تەقسىر، مەن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق تېرەك يېنىدا ئاقچا ئالمىغانمەن.

— ئۇنداق بولسا،- دەيدۇ قازى بېگى ئەخمەتكە قاراپ،- گۇۋاھچى بولىدىغان تېرەكنى ئوردىغا ئەكەلگىن!

ئەخمەت ئابدۇللا «خوپ» دەپ ئوردىدىن چىقىدۇ. ئەكرەم كېرىم بولسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدۇ. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەكرەمدىن سورايدۇ.

— ئەخمەت سۇۋادان تېرەك يېنىغا يېتىپ بارغاندىمۇ؟

— ئۇ يەر يىراق تەقسىر، ھازىر يېتىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس،- دەيدۇ.

— مانا كۆردۇڭمۇ؟ - دەيدۇ قازى بېگى ئەكرەمگە،- سەن ھەقىقەتەن قەرز ئاقچا ئالغانسەن! بولمىسا ئۇ تېرەكنىڭ يىراقلىقىنى نەدىن بىلىسەن؟

مۇغەمبەرلىك قىلىسمۇ ئۆز تىلىدىن تۇتۇلغان ئەكرەم گۇناھىغا ئىقرار بولىدۇ ۋە:

— خام سۈت ئەمگەن بەندىمىز سىڭىرىپ كېتەرمەن دەپ ئويلاپ...گۇناھىمدىن كەچسىڭىز،- دەيدۇ.

— مەسىلە يېشىلدى،- دەيدۇ قازى بېگى يېڭىلا كىرىپ كەلگەن ئەخمەتكە،- سېنىڭ يوقىڭدا ئەكرەم قەرز ئالغانلىقىغا ئىقرار بولدى. (كۆپچىلىككە قاراپ) بۇنى مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈم قىلىمەن. بىرىنچى، ئەكرەم قەرز ئالغان 100 يۈەن (تەڭگە) نى ئەتىدىن قالدۇرماي ئىگىسىگە قايتۇرسۇن. ئىككىنچى، ئۈچ چوڭ «كۆل» نىڭ سۈيى (بىر چوڭ «كۆل» - بىر ئاپقۇر سوغۇق سۇ) دەم ئالدۇرماي ئىچكۈزۈلسۇن. جازا ھازىرنىڭ ئۆزىدە تۇرسۇن ۋە قادىر تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنسۇن.

ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىشىدىن باشلاپ، ئەكرەم بىر «كۆل» نىڭ سۈيىنى ئىچىپ بولۇشىغا سورۇندا ئولتۇرغانلاردىن بىر - ئىككىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، قوللىرىنى قوشتۇرۇپ ئوردىغا (رۇخسەت بىلەن) كىرىپ، ئەكرەمگە بېرىلگەن جازانىڭ ئېغىر بولۇپ كەتكەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى يېنىكلىتىشنى سورايدۇ.

قازى ئۆپ - چۆرىسىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قالغان ئىككى كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچىشنى كۆچۈرۈپ قالدۇرىدۇ. ئەكرەم بولسا گۇناھىنى تىلەپ ئالغانلار بىلەن قازى بېگى باشلىق ئوردا ئەھلىگە رەھمەت ئېيتىپ بۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلماسلىققا ۋەدە بېرىپ ئوردىدىن چىقىدۇ.

بۇ دەۋاغۇ مەلۇم لەتىپە (ھەزىل) ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بەزىدە ئوتتۇز ئوغۇل ئىچىدە شۇنچىلىك تاپقۇر كىشىلەر بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ چاپلىغان يالغانسى ياكى ئارتقان «گۇنا»ھى شۇنچىلىك ئىشەنچلىك چىقىدۇكى، سورۇندا ئولتۇرغانلار «راستىنلا ئاشۇنداق ئەيىب ئۆتكۈزگەن ئوخشايدۇ» دەپ قالىدۇ. لېكىن دەۋاگەر قادىرلىك ئۇستىلىق قىلىپ بىرسىگە «تۆھمەت» ئارتسىمۇ (...ئەيىبكار سانالغان كىشى ئاجىزلىق قىلغان تەقدىردىمۇ) قازى بېگىنىڭ ئەقلىگە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشىنىڭ گۇۋاھچىسى بولىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئون - ئون بەش مىنۇت ئىچىدە بىر كۆرۈنۈشلۈك سەھنە ئەسىرى كۆرگەندەك بولۇپ قالىمىز.

ئەمدى بېرىلىدىغان جازا ئىككى تۈرلۈك: بىرىنچىسى، ئىقتىسادىي سېلىق سېلىش جازاسى بولۇپ، ئۇلار ھەققىي ئەيىب ئۆتكۈزگەنلەرگە بېرىلىدۇ. ئۇ مېۋە - چېۋىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇلار يەنە مەشرەپ ئەھلى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. گۇناھى ئېغىرلارغا ئۆز نۆۋىتىدە بېرىلىدىغان مەشرەپنىڭ سىرتىدا ئوتتۇز ئوغۇلغا بىر ئولتۇرۇش

ئۆتكۈزۈپ بېرىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ ئىككىنچىسى، ئويۇن ئۈچۈن ئەيىبلەنگۈچى ھەر خىل چارىلەرنى كۆرۈش جازاسى بولۇپ، بۇلار: ئاگاھلاندۇرۇش، مەشرەپ تەرتىپىنى سۆزلىتىش، قۇشلارنى، ھايۋانلارنى دوراتقۇزۇش، قوشاق، بېيىت، ناخشا ئېيتقۇزۇش، قىزىقچىلىق، دورامچىلىق قىلغۇزۇش، لەتىپىلەرنى ئېيتىپ مەشرەپ ئەھلىنى كۈلدۈرۈش، كۆك باستى قىلىش (ئوڭدا ياتقۇزۇپ قورسىقىغا يېنىك دەسسەش)، تامغا سۈرىتىنى تارتىش، (كۆڭلىكىنى يەشتۈرۈپ تامغا دۈمبىسىنى قىلىپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ تېنىنىڭ چۆرىسىگە سوغۇق سۇ پۈركۈش) جۇۋازغا قېتىش (جۇۋازغا قېتىلغان ئاتنى ئۇرۇپ ھەيدىگەندەك بىر ئادەم غولىدىن ئىتتىرىپ بىر ھازا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا چۆرگىلىتىش) ۋە باشقىلار.

مەشرەپتىكى جازالارنىڭ ئەڭ چوڭى مەشرەپتىن چىقىرىش جازاسى. مەشرەپتىن چىقىرىلغان كىشى (بۇ ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم چىقىرىلىشى بولسا) ئوتتۇز ئوغۇل ئالدىدا ئۆز گۇناھىنى تونۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر جەھەتتىن ياخشى بولۇشقا قاتتىق ۋەدىسىنى بەرگەن چاغدىلا، قايتا مەشرەپكە قاتناشتۇرۇلۇشى مۇمكىن. ئۇ بۇرۇنمۇ مۇشۇنداق جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ئۇنى ئوتتۇز ئوغۇل ھەرگىز ئارىغا ئالمايدۇ.

مەشرەپكە پەقەت مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرىلا ئەمەس، مېھمانلارمۇ ئىشتىراك قىلىپ قالىدۇ. بۇلار بىرىنچىدىن، ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە يىراقتىن تۇغقىنى، دوستى ياكى كۆڭلىگە يېقىن ئادىمى كېلىپ قالغاندا ئۆزى بىلەن بىللە مەشرەپكە ئېلىپ بارىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ھەر تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن مەشرەپ ئويناشقا قاتنىشالمىغان لېكىن ئاشۇ يۇرتتا (شەھەرگە) ئابرۇيلۇق بولغان كىشىلەرنى بەزىدە مەشرەپكە چاقىرىپ قويىدۇ.

بۇلاردىن باشقا بولۇپمۇ، يازلىق (دەريا بويى، باغ ۋە شۇنىڭدەك ساپ ھاۋالىق يەرلەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان) مەشرەپلەرگە ئوتتۇز ئوغۇل ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى بىرگە ئېلىپ بېرىش ئادەتكە ئايلانغان. مۇنداق مەشرەپكە قاتناشقان باللار ئۇ يەردە بەزىبىر يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلىرىنى قىلغاچ مەشرەپنىڭ تەرتىپ ـ قائىدىلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆگىنىپ بارىدۇ.

باللار شۇ تەرىقىدە ئاندا ـ ساندا مەشرەپكە قاتنىشىپ يۈرۈپ، ئۇ جەھەتتىكى تونۇش بىرقەدەر شەكىللەنگەندە، يەنى 16 ـ 17 گە كىرگەن ۋاقىتتا ئۆزلىرىمۇ مەشرەپ ئويناشقا باشلايدۇ.

يېشىغا (بالاغەتكە) يەتكەن ئوغۇلنىڭ مەشرەپكە كىرىشى مۇنداق:

بىرىنچى، ئوغۇلنى مەشرەپكە بەرمەك بولغان ئاتا مەشرەپ ئويناپ يۈرگەن ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ بېگى بىلەن ئالدىنئالا كېلىشكەن ھالدا ئۇلارنى ئۆيىگە چايغا چاقىرىدۇ ۋە چاي ئۈستىدە ئوغلىنى مەشرەپكە قوبۇل قىلىشنى سورايدۇ. ئىككىنچى، ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ بىرەرسى مەشرەپ بەرگەن كۈنى (شۇ ئۆيگە) بىر پەتنۇس راسلاپ ئەكىرىدۇ ھەمدە ئوتتۇز ئوغۇلغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش بىلەن ئوغلىنى مەشرەپكە قوبۇل قىلىشنى سورايدۇ. «ئوغلۇمنىڭ گۆشى سىلەرنىڭ، ئۇستىخىنى مېنىڭ» دەيدۇ. بۇ «ئوغلۇمنى قانچىلىك قاتتىق تۇتساڭلار تۇتۇڭلار، پەقەت ئۇنى ھەقىقىي ئادەم قىلساڭلار مەن رازى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا يىگىت بېشى تەرىپىدىن مەشرەپنىڭ تەرتىپ ـ قائىدىلىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ.

يىللار ئۆتۈپ مەشرەپكە قاتناشقان ئوغۇل ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ، ئوغۇل تېپىپ ئوغلى بالاغەتكە يەتكەندە دادىسى ئۆزىنى مەشرەپكە قانداق بەرگەن بولسا ئوغلىنىمۇ شۇنداق ئوتتۇز ئوغۇلغا تاپشۇرىدۇ.

ئېلى مەشرىپى قانچىلىغان ئەسىرلەردىن بېرى، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۇلۇشۇپ، ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلىغان ھالدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا (كۆپىنچە ئېلى تەۋەسىدە) ئوينىلىپ كەلمەكتە.

ئۇلۇغ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «مىڭ ئېغىز سۆزنىڭ تۈگۈنىنى بىر ئېغىز بىلەن يەشكىن» دېگەن داڭلىق نەسىھىتىگە مۇۋاپىق مەشرەپ توغرۇلۇق ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلىرىمىزنى ئىخچام خۇلاسىلايدىغان بولساق، ئېلى مەشرىپى ئۇ ھەقىقىي ھالدا «خەلق مەكتىپىدۇر». شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز:

بالاڭنى مەكتەپكە بەر،
بولمىسا مەشرەپكە (بەر).

دېگەن.

(قازاقىستاندا چىقىدىغان ئۇيغۇرچە «مەرىپەت» گېزىتىنىڭ 2004 ـ يىل، سېنتەبىر ئايلىق بېتىدىن ئېلىندى)

رەتلىگۈچى: ئابلىز ھېزىموف

تەييارلىغۇچى: ئابدۇساتتار ناسىرى



# ئۇيغۇرلاردا

## مىراس قالدۇرۇش ۋە تەقسىملەش ئادىتى

ئابدۇقەييۇم مىجىت

«مىراس — ئۆلگەنلەردىن قالغان مال ـ مۈلۈك» ياكى «ئۆلگەنلەردىن كېيىنكىلەرگە قالغان ئىلمىي، ئەدەبىي، مەدەنىي، كەسپىي ۋە شۇ قاتارلىقلارغا ئائىت نەرسە» ① بولۇپ، مىراسقا ئىگە بولۇش «مۈلۈك ۋارىسلىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مىراس قالدۇرۇش ۋە مۈلۈك ۋارىسلىقى ئىنسانلاردا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ شەكىللەنگەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ناتۇرال (ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان) ئىگىلىك شەكلىدىن تەدرىجىي قۇتۇلۇپ ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئېشىنچا مەھسۇلاتلارغا ئىگە بولغان. ئائىلە شەكىللىنىپ كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئىپتىدائىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك شەكلىدىن تەدرىجىي ھالدا پەقەت ئۆزىنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش يۈزىسىدىنلا ئېلىپ بېرىلىدىغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك شەكلىگە قاراپ تەرەققىي قىلغان. مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئىچىدە بىرەر كىشى ئۆلۈپ قالسا، ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئۇنىڭ بىرەر پەرزەنتى ياكى بىرەر يېقىن تۇغقىنىنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىش زۆرۈرىيىتى پەيدا بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆلگۈچى قالدۇرغان مال ـ مۈلۈكلەرنى باشقىلارنىڭ ئىگىدارلىقىغا قانداق ئۆتكۈزۈش ۋە ئۇنى قانداق تەقسىملەش قاتارلىق مەسىلىلەردە ئەل ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن مۇئەييەن ئورتاق تونۇش، چۈشەنچىلەر، قائىدە ـ يوسۇن ۋە ئادەت ـ ئۆدۈملەر شەكىللىنىشكە باشلىغان. مىراس مەسىلىسى ھەممە كىشىنىڭ، يەنە كېلىپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ پايدا ـ مەنپەئىتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش بولغاچقا، ناھايىتى تېزلا جەمئىيەتتىكى بارلىق كىشىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان. ئۇيغۇرلاردىمۇ ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىگە ۋە ئۇلار ھايات ۋاقتىدا شۇغۇللانغان ھۈنەر ـ كەسپلىرىگە مىراس سۈپىتىدە قاراپ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئېسىل ئەخلاقىي ئادەت ئىزچىل داۋاملىشىپ

كەلگەن. ئەجدادلىرىمىز يېزىق ئىشلىتىشكە باشلىغان
مەزگىللەردىن تارتىپ ئۆزىنىڭ يازما خاتىرىلىرىدە مىراس
ھەققىدە بەزى بايانلارنى قالدۇرۇشقان ۋە يېزىقتىن پاي-
دىلىنىپ ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قېپقالغان مىراسنى
ئۆزىنىڭ بالىلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ قانداق
تەقسىملىشى زۆرۈرلۈكى ھەققىدە بەزى تەۋسىيە ۋە ۋە-
سىيەتنامىلەرنى قالدۇرۇشقان. ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي دىنلا-
رغا ئېتىقاد قىلغان چاغلاردا مۈلۈك ۋارىسلىقى مەسىلىرىنى
ئادەت قانۇنىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ھەل قىلىپ كەلگەن. بىر
خۇدالىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن بولسا، ئۆزىنىڭ
مىراس ھەققىدىكى چۈشەنچە ۋە ئادەت - ئۇدۇملىرىنى شۇ
دىنىنىڭ مۈلۈك ۋارىسلىقى توغرىسىدىكى بەلگىلىملىرى
بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلىرىنى
تېخىمۇ بېيىتقان. قۇللۇق ۋە فېئودالىلىق جەمئىيەتنىڭ تە-
سىرىدىن قالغان بىر قىسىم مۈلۈك ۋارىسلىقى تۈزۈملىرىنى
ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن بىكار قىلغان. مەسىلەن،
««شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى تۈركلەر تەزكىرىسى›دە
ئېيتىلىشىچە، تۈرك ئائىلىلىرىدە ئاتا، تاغا، ئاكا بولغانلار
ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتسە، ئوغۇل، جىيەن ئىنى بولغانلار
ئۆزلىرىنىڭ ئۆگەي ئانىسى، يەڭگىسى، هاممىسىنى نىكاھىغا
ئېلىش ئادىتى بولغان» ② . ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قو-
بۇل قىلغاندىن كېيىن، «قۇرئان كەرىم»دىكى بەلگىلىمىگە
ئاساسەن بۇ خىل «ۋارىسلىق نىكاھ» تۈزۈمى ئەمەلدىن
قالدۇرۇلغان. ئۇيغۇرلار تاكى ئېلىمىزدە يېڭى جۇڭگو قۇ-
رۇلغىچە، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئېلىمىزدە
1985 - يىلى «ۋارىسلىق قانۇنى» چىقىرىلىپ يولغا قو-
يۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا خەلقىمىز مىراس تەقسىملەش ۋە
مۈلۈك ۋارىسلىقى مەسىلىرىدە يەنىلا ئۆزى ئېتىقاد قىلغان
دىنىنىڭ بۇ ھەقتىكى بەلگىلىمە ۋە قائىدە - پرىنسىپلىرىغا
ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلدى. ۋەھالەنكى، بۈگۈنكى كۈنگە
كەلگەندە خەلقىمىزنىڭ مىراس ئىشلىرىغا ئائىت ئادەتلىرى،
بۇ ھەقتىكى دىنىي ئەھكاملار ۋە ئېلىمىزنىڭ «مۈلۈك ۋا-
رىسلىقى قانۇنى» ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا تەسىر قىلىش، ئۆ-
تۈشۈش، بىر - بىرىگە ئۇيغۇنلىشىش، بىر - بىرىنى تو-
لۇقلاش ۋە بىر - بىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىش ئەھۋاللىرى
كۆرۈلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي
قىممەت قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۇيغۇر جەم-
ئىيىتىدە مۈلۈك ۋارىسلىقى مەسىلىلىرى، يەنى مىراسقا مۇ-
ناسىۋەتلىك مەسىلىلەر كۆنسېرى گەۋدىلەنمەكتە. شۇڭا،
خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق يىللار داۋامىدا ھەر خىل ئىجتىمائىي
تۈزۈم، ھەر خىل ئىگىلىك شەكلى ۋە ھەرخىل دىنىي - ئې-
تىقادلارنىڭ تەسىرىدە شەكىللەندۈرگەن مىراس ھەققىدىكى
ئەنئەنىۋى چۈشەنچىسى، ئادەت - ئۇدۇملىرى ۋە مەدەنى-
يەت ئەنئەنىسىنى فولكلور ۋە مەدەنىيەت ئىلمى نۇقتىسى-
دىن چىقىپ تەتقىق قىلىشىمىزنىڭ ئەھمىيىتى بار. مىراس-
لارنى شەكلىگە قاراپ، ماددىي مىراس ۋە غەيرىي ماددىي
مىراس دەپ ئىككىگە ئايرىش مۇمكىن. بىز بۇ ماقالىدە
پەقەت ماددىي مىراس ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ھەق-
قىدىلا توختىلىمىز.

بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مۈلۈك ۋارىسلىقى مەسىلىسىگە نا-
هايىتى بۇرۇنلا دىققەت قىلغانلىقىنى قەدىمكى ۋەسىقىلەر ۋە
يازما يادىكارلىقلارغا قاراپ جەزملەشتۈرەلەيمىز. تۇرپاند-
دىن تېپىلغان ۋەسىيەتنامە ۋە مىراس بۆلۈشۈش ھەققىدىكى
يازمىلارغا قارىغاندا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن
باشلاپلا ئۇيغۇرلاردا مۇكەممەل بولغان مۈلۈك ۋارىسلىقى
تۈزۈمى ۋە كىشىلەرنىڭ هايات ۋاقتىدا ئۆز مال - مۈلكىنى
قانداق تەقسىملەش ھەققىدە ۋەسىيەتنامىلەرنى قالدۇرۇش
ئادىتى بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىز
مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئە-
سىرىدىنمۇ مىراس ھەققىدىكى بايانلارنى ئۇچرىتىمىز. «د-
ىۋان»دا: «خۇمارۇ - مىراس. بۇنى ئاتامدىن خۇمارۇ
بولدۇم.ــبۇنى ئاتامدىن مىراس قىلىپ ئالدىم» ③ دې-
يىلگەن. «دىۋان» دا يەنە «خۇمارۇ» سۆزىنىڭ يەنە بىر
خىل مەنىسى چۈشەندۈرۈلۈپ مۇنداق دېيىلىدۇ: «خۇما-
رۇ - يادىكار»، ئەستىلىك ئۇچۇن بېرىلگەن مال ياكى
نەرسە. چوڭلاردىن بىرى ئۆلگەندە، تۈركلەرنىڭ ئادىتى
بويىچە، ئۇنىڭ مىلىدىن ئەڭ ئېسىل بولغان بىرەر نەرسە
خاقانغا تەقدىم قىلىنىدۇ. شۇ نەرسە ‹خۇمارۇ› دېيىلىدۇ»
④ . بۇنىڭدىن قەدىمكى تۈركىي مىللەتلەردە، جۈملىدىن،
ئۇيغۇرلاردا بىرەر كىشى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ قېپقالغان
مىراسىدىن ئەڭ ياخشىسىنى تاللاپ ئۆز خاقانىغا تەقدىم
قىلىدىغان مىراس بېرىش ئادىتى بولغانلىقىنى بىلىمىز. ئۇ-
نىڭدىن باشقا مۇتەپەككۇر يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇ-
تادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدىمۇ ««قۇمارۇ› سۆزى

‹مىراس، ۋەسىيەت، تەۋەررۇك، يادىكار› مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن» ⑤. بۇ ئىككى كىتابتىكى «مىراس» مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزنىڭ بىر ھەرپىلا ئوخشىمايدۇ. «دىۋان»دا: «خۇمارۇ» دېيىلسە، «قۇتادغۇبىلىك»تە «قۇمارۇ» دېيىلىدۇ. ئىشقىلىپ ئاتالغۇنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇ مەزگىللەردە مىراس قالدۇرۇش ۋە مۈلۈك ۋارىسلىقىنىڭ بولغانلىقىنى دەلىللىگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئۆلگۈچىنىڭ قىرىق نەزىرىسىنى بېرىپ بولغىچە بالىلارنىڭ مىراس بۆلۈشۈشى باشقىلار تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلىنىدىغان ئىش، دەپ قارىلىدۇ. قانۇندا «ئۆلگۈچىنىڭ مال ـ مۈلكى ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكى ئېنىقلانغاندىن كېيىنلا تەقسىملەنسە بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدا بۇنداق قىلىش ياخشى ئىش ئەمەس. ئەگەر بالىلار ئاتىسى ياكى ئانىسىنىڭ قىرىق نەزىرىسى بېرىلىپ بولغىچە مىراس بۆلۈشۈشكە چۈشۈپ كەتسە جامائەت تەرىپىدىن ئەيىبلىنىدۇ. بەزى ئائىلىلەردە ھەتتا بالىلار «ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەيمىز» دەپ شۇ ئۆيدە ئوغۇلنىڭ كىچىكىنى ئولتۇرغۇزىدۇ. بەزى بالىلار ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان مىراسنى ئېلىشتىن ۋاز كېچىپ كىچىك ئىنىسىغا بېرىدۇ.

مىراس ۋارىسلىرى ئۆزىگە تېگىدىغان مىراسنىڭ ھالال بولۇشىغا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا، ئەگەر مىراس قالغان مال ـ مۈلۈككە زاكات بېرىش زۆرۈر بولسا، ئاۋۋال زاكىتىنى ئايرىۋېتىپ ئاندىن تەقسىملەيدۇ. يەنى ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ بىرەرسىگە بېرىدىغان قەرزى بولسا مىراسنى تەقسىملەشتىن بۇرۇن مال ـ مۈلۈكتىن پۇل قىلىپ قەرزنى بېرىۋېتىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ مېيىت نامىزى ئوقۇلىدىغاندا مېيىت نامىزىنى ئوقۇيدىغان ئىمام جامائەتنىڭ ئالدىدا: «مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدا بىلىپ ـ بىلمەي بىرەرسىڭلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ قويغان ياكى نەرسە ـ كېرەكلىرىڭلارنى ئېلىپ قويغان ئىشلىرى بولسا، رازى بولۇڭلار! ناۋادا مەرھۇمنىڭ قەرزى بولسا، ئۇنىڭ مىراسىدىن پۇل قىلىپ تۆلەپ بېرىلىدۇ ياكى مەرھۇمنىڭ بالىلىرى رازى قىلىدۇ!» دەيدۇ. بۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى بار كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ـ ئەگەر قەرز ھۆججىتى بولمىسا، بىر تەرەپنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ زىيانغا ئۇچراپ كەتمەسلىكى كېرەكلىكىنى ئاممىۋى تونۇش ۋە ئەخلاق جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر.

مىراسخورلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىش ئىقتىدارى بولۇشى ناتايىن. ئەگەر مەرھۇمنىڭ بالىلىرى (مىراسخورلىرى) تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن بولسا، شۇ ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ بىرەر ئۇرۇق ـ تۇغقىنى، قوشنىسى ياكى خالىغان بىرەرسى بۇنداق يېتىم بالىلارغا غەمخورلۇق قىلىشنى ۋە ئۇلارغا مىراس قالغان مال ـ مۈلۈككە قاراپ تۇرۇشنى ئۈستىگە ئېلىپ، بالىلار ئۆزىنىڭ مىراسىغا ئىگە بولالىغۇدەك بولغاندا، ئاندىن ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇنداق يېتىم بالىلارغا غەمخورلۇق قىلىشنى ۋە ئۇلارغا مىراس قالغان مال ـ مۈلۈككە قاراپ تۇرۇشنى ئۈستىگە ئالغان كىشى «ۋەسىي» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى كىشىلەر قاتتىق كېسەل تارتىپ قېلىپ ئۆزىنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن بولسا، ئەگەر بالىلىرى كىچىك بولسا، ئۆزىنىڭ بىرەر تۇغقىنىغا بالىلىرىغا ئاتىدارچىلىق قىلىشنى ھەمدە ۋەسىيلىك مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلىدىغان ئادەتمۇ بار.

ئۇيغۇرلاردا بالىلار ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان نەرسىنىڭ قىممىتى بولۇش ـ بولماسلىقى ۋە ئۆزىگە تېگىشلىك ماددىي ئۈلۈشىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاز كۆرمەي، مىراس قالغان نەرسىنى «ئاتا ـ ئانامدىن قالغان» دەپ ناھايىتى قەدىرلەپ، ئۆز ئۆيىنىڭ تەۋەررۇك نەرسىسى سۈپىتىدە تولىمۇ ئەتىۋارلاپ ساقلايدۇ ۋە ئاسراپ ئىشلىتىدۇ. شۇڭا، خەلقىمىز ئارىسىدا «مىراستىن مۇشتەك تەگسىمۇ ئال» دېگەن ماقال تارقالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپ ئەخلاقىدا ئەگەر بىرەر ئائىلىدە شۇ ئۆينىڭ بېشى (ئاتىسى) ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرەرسى ئاتىسىنىڭ كەسپىنى مىراس سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ ئۇنى ئۈزۈلدۈرۈپ قويماي، داۋاملاشتۇرۇپ ئۆتىدىغان ئادەت شەكىللەنگەن. بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قالغان مال ـ دۇنياسىغىلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھۈنەر ـ كەسپىگىمۇ ۋارىسلىق قىلىش ھەمدە ئۇلار شۇ ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئىشلەتكەن رىسالىلەرنى ئەتىۋارلاپ ساقلاشقا ۋە ئۆزىدىن كېيىن بۇ ھۈنەرگە ۋارىسلىق قىلغۇچىغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئادەتلەنگەن.

شۇڭا «ئاتا كەسپى بالىغا مىراس» دېگەن ماقالىمۇ كەڭ تارقالغان. شۇنداقلا، خەلقىمىزدە ئاتا كەسپىنى ئۈزۈلدۈرۈپ قويماي راۋاجلاندۇرغانلار، ياخشى ئۆگەنگەنلەر روناق تاپىدۇ، ئاتا كەسپىنى ئۆگەنمەستىن تاشلىۋەتكەنلەر ياكى بۇزغانلارنىڭ هال ـ كۈنى ياخشى بولماي، ئۆمرى خارۇ ـ زارلىقتا ئۆتىدۇ، دېگەن كۈچلۈك ئىشەنچ بار، ئاتا ـ بوۋىلاردىن قالغان تەۋەررۇك بۇيۇملاردا باشقىچە بىر خىل خاسىيەتلەرنىڭ بولىدىغانلىقى، ئەگەر ئاتا ـ ئانىسى ئىشلەتكەن شۇ نەرسىلەرنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتسە، ئۇلارنىڭ روهىنىڭ ئۆزىنى يۆلەيدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنىش تۇيغۇسى تۈپەيلىدىن مىراس بۇيۇملارنى ئەتىۋارلاش، ئۇنى ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ ئەقىدە قىلىش ئېگى ئۇيغۇرلارنىڭ مۈلۈك ۋارىسلىقى چۈشەنچىلىرىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مىراس ۋەسىيەت قالدۇرۇش شەكلى بىلەن ياكى ۋەسىيەت قالدۇرۇلمىغان بولسا ئەل ـ يۇرت، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ مۇۋاپىق نىسبەتتە ئايرىپ قويۇشى بىلەن تەقسىملىنىدۇ. مىراس ئايرىيدىغاندا مەهەللە ئاقساقاللىرى شۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ بالىلىرىدىن «مەرهۇمنىڭ هايات ۋاقتىدا يېزىپ قويغان ۋەسىيەتنامىسى ياكى بىرەرسىگە تاپىلاپ قويغان ئاغزاكى ۋەسىيىتى بارمىدى؟» دەپ سورايدۇ. ئەگەر بولسا ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن مىراس تەقسىملەيدۇ. ئەگەر هېچقانداق ۋەسىيىتى بولمىسا ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت ئەهكاملىرى بويىچە ئايرىپ قويىدۇ. ئەگەر مىراس لىللا، ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن ئايرىلمىسا، مىراسنى كۆپ ئېلىۋالغۇچى ياكى مىراسنى ناهەق ئايرىغۇچى «يېتىمنىڭ هەققىنى يەۋالغان» دەپ، دىن ۋە ئەخلاق تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلىنىدۇ. ئاتا بىلەن ئانىنىڭ بالىلىرىغا قالدۇرىدىغان مىراسى ئوخشاش بولمايدۇ. بىر ئۆيدە ئەر ـ ئايال ئورتاق ئىشلىتىدىغان نەرسىلەر بالىلارغا ئورتاق تەقسىملەنسىمۇ، ئورتاق ئىشلىتىلمەيدىغان نەرسىلەرنى تەقسىملەشتە ئەرلەر (ئاتىلار) ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرنى ئوغۇللار، ئاياللار (ئانىلار) ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرنى قىزلار ئالىدىغان ئادەت بار. مەسىلەن، ئانىلار كۆپىنچە ئۆزىنىڭ تويلۇق ئۈزۈك، ئالتۇن زىرە... قاتارلىق نەرسىلىرىنى قىزلىرىغا مىراس قالدۇرۇشقا ئادەتلەنگەن بولسا، ئەرلەر ئۆزىنىڭ يېنىدا ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن پىچاق، تۇمار... دېگەندەك نەرسىلىرىنى ۋە هۈنەر ـ كەسپتە ئىشلىتىدىغان سايمانلىرىنى ئوغۇللىرىغا مىراس قالدۇرىدۇ. مەرهۇمنىڭ بالىلىرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مىراسىدىن، بولۇپمۇ كىيىم ـ كېچەك دېگەندەك نەرسىلىرىدىن مەلۇم نىسبەتتە ئۆز مەهەللىسىدىكى يېتىم ـ يېسىر، ئاجىز ـ ئورۇق كىشىلەرگە سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتىدۇ. بۇنىڭدا ئۆلگۈچىنىڭ گۇناهىنىڭ ئازىيىشى ياكى شۇ سەدىقىنىڭ ساۋابىنىڭ ئۇلارنىڭ روهىغا يېتىپ تۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مىراسنى ئەمەلىي تەقسىملىگەندە «ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئوغۇل، قىز، ئايال هەممىسى مۈلۈك ۋارىسلىق (مىراسخورلۇق) هوقۇقىغا ئىگە. ئەمما، ئەمەلىي تەقسىماتتا ئوغۇلغا قارىغاندا، قىزغا ئىككىدىن بىر ئۈلۈش، ئايالغا تۆتتىن ياكى سەككىزدىن بىر ئۈلۈش تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر مەرهۇمنىڭ ئوغلى يوق بولغان تەقدىردە مۈلۈك قىزلار ئوتتۇرىسىدا تەڭ تەقسىم قىلىنىدۇ. هېچقانداق پەرزەنتى يوق، ئەمما قانداش تۇغقان ۋە ئايالى بولغان تەقدىردە شۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر ئۈلۈشتىن تەقسىم قىلىنىدۇ. مەرهۇمنىڭ باشقا هېچقانداق يېقىنلىرى بولماي، پەقەت ئۆگەي ئاكىسى، ئاسراندى پەرزەنتى بولسا، مۈلۈك ۋارىسلىق هوقۇقى شۇنىڭغا مەنسۇپ بولىدۇ. مۇنداق پەرزەنتلەردىن بىردىن ئوشۇق بولغان تەقدىردە ئۇلارغا تەڭ تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۆلگۈچى يەككە ـ يېگانە بولسا، ئۇنىڭ مۈلكى جامائەتنىڭ كېڭەشىشى بىلەن جامائەت خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. مەرهۇم هايات ۋاقتىدا مۈل ـ مۈلۈكنىڭ مەلۇم قىسمىنى پەرزەنتلىرىنىڭ بىرەرىگە ياكى ئايالىغا (ئۆگەي ۋە ئاسراندى پەرزەنتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بەخشەندە قىلىپ بەرگەن ياكى شۇنداق قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغان بولسا، مۈلۈكنىڭ شۇ قىسمى تەقسىماتقا كىرگۈزۈلمەيدۇ... تۇرمۇشلۇق بولمىغان ئوغۇل ـ قىزلارغا مۈلۈك تەقسىماتىدا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ۋە توي ئىشلىرىنىڭ خىراجىتى نەزەردە تۇتۇلۇپ، تېگىشلىك نىسبەتتىن بىر هەسسىدىن ئارتۇقراق مۈلۈك قالدۇرۇلىدۇ» [6] . ئاتىسى ئۆلۈپ قالغاندا، تېخى تۇغۇلمىغان قورساقتىكى بالىغىمۇ مال ـ مۈلۈك تەقسىملىگەندە مىراس بېرىلىدۇ. ئەگەر بالا هايات

تۇغۇلسا، ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان مىراس بېرىلىدۇ، ھەممە بىرەرسى بۇ بالا ئۈچۈن ۋەسىي بولىدۇ.

ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلاردا يەرمۇ ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان نەرسە ھېسابلىناتتى، لېكىن بۇ ئادەت ئېلىمىزنىڭ يەر قانۇنى ۋە ۋارىسلىق قانۇنى تەرىپىدىن بىكار قىلىندى. قەدىمكى فېئوداللىق جەمئىيەتتە خان ـ پادىشاھ ۋە بەگ ـ ئەمەلدارلارنىڭ ئىدارە قىلغان زېمىنلىرى ۋە تەخت ئەمەللىرىمۇ مىراس سۈپىتىدە قالدۇرۇلاتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھايات ۋاقتىدا كېيىن بالىلىرىنىڭ ئۆزىدىن قالغان مال ـ مۈلۈك ۋە ھوقۇقنى تالىشىپ جېدەل ـ ماجىرا قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن زېمىن ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى پەرزەنتلىرىگە بۆلۈپ بەرگەن. مەسىلەن، «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىكى ئوغۇز خاقاننىڭ ئۇلۇغ تۈركنىڭ چۈشى ۋە دەۋىتىگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ زېمىنلىرىنى بالىلىرىغا بۆلۈپ بېرىشى ـ فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئىپتىدائىي مۈلۈك ۋارىسلىقى ۋە مىراس تەقسىملەش ئادىتىنىڭ بىر يارقىن ئىپادىسىدۇر. قالدۇرۇلىدىغان مىراسنىڭ قانداق بولۇشى ئىگىلىك شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق. ئەجدادلىرىمىز چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللەردە ئاساسەن مال ـ چارۋىلار، يايلاق ... قاتارلىقلارنى مىراس سۈپىتىدە قالدۇراتتى، لېكىن، تېرىمچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتۈپ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرگەندىن كېيىن بولسا، ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئۇلارنىڭ مىراس قالدىغان مال ـ مۈلۈكلىرى بولغان.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئوغۇللار ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قالغاندىن كېيىن، ھۇرۇن، نىيىتى يامان ۋە ئاچكۆز ئاكىسىنىڭ، ئەمگەكچان، ساددا، قانائەتچان كىچىك ئىنىسىغا (كەنجى بالىنىڭ) تېگىدىغان مىراستىن تېگىشلىك نېسىۋىسىنى بەرمەي ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىقى ھەمدە كەنجى ئوغۇلنىڭ بىر كۈنى خىزىرغا ئۇچراپ قېلىپ ناھايىتى زور بايلىققا ئېرىشكەنلىكى ھەققىدىكى ۋەقەلەر كۆپىنچە چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي سۇژىتى بولۇپ كەلگەن. بۇ مۈلۈك ۋارىسلىقى مەسىلىسىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەكس ئېتىشى بولۇپ، بۇ چۆچەكلەردە كىشىلەرنىڭ مىراس تەقسىملەشتە ئادىل بولۇش، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ باشقىلارنىڭ نېسىۋىسىنى يەۋالماسلىققا ئۈندەلگەن.

ماددىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە، غەيرىي ماددىي مىراسلارنىمۇ ئەقلىي يوسۇندا قوغداش، ۋارىسلىق قىلىش، كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش زۆرۈر. مىراس مەسىلىسى ھەق ـ تەلەپ، ۋارىسلىق، گۇۋاھلىق، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى، ئۆرپ ـ ئادەت، ئەخلاق، دىنىي ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇرەككەپ مەسىلە بولغاچقا، بۇنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن تېخىمۇ ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش زۆرۈر.

ئىزاھات:

① «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى) 1080 ـ بەت.

② دىلمۇرات مەھمۇد: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ‹ۋارىسلىق نىكاھ› ئادىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2005 ـ يىلى 2 ـ سان، 85 ـ بەت.

③ ، ④ مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ توم 581 ـ بەت.

⑤ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 1 ـ نەشرى، 190 ـ ، 6322 ـ، 6324 ـ بېيىتلار

⑥ ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ نەشرى، 233 ـ، 234 ـ بەتلەر.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى (مىسىر): «ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە ـ مارجانلار» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى.

② جۇ شىنچى، لى ۋەن تۇزگەن (راخمان نىياز، ئايشەم نىياز، رەيھان راخمانلار تەرجىمە قىلغان): «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋارىسلىق قانۇنىنىڭ يېشىمى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى مىللەتشۇناسلىق كەسپى 2004 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى.



# كۈلكە داۋانلىرى

ماخمۇت مۇھەممەد

(بىئوگرافىك ئوچېرك)

(بېشى ئۆتكەنساندا)

*ساتىراشخانىدا*

ھېسام غۇلجا ناھىيە تەۋەسىدە بىر نەچچە يىللار قاڭغىرىپ يۈرۈپ، ئاخىر يەنە غۇلجا شەھىرىگە، تۇغۇلغان مەھەللىسىگە قايتىپ كەلدى. بۇ 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ئىدى. ھېسامنىڭ ئاغىنىلىرىدىن بىرى غۇلجا شەھىرىنىڭ مەركىزىي كوچىلىرىدىن بىرىگە جايلاشقان شەھەرلىك 1 ـ رايون (ئۇ كەملەردە غۇلجا شەھىرىنىڭ ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى ئىككى رايونغا بۆلۈنۈپ باشقۇرۇلاتتى) سانائەت كارخانىسىنىڭ بىر مەسئۇل كادىرى ئىدى. ئۇنىڭ ياردىمىدە ھېسام رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ قېشىغىلا جايلاشقان ساتىراشخانىدا ئىشلەيدىغان بولدى. ئەمەلىيەتتە تۆتىلا ساتىراش بار بۇ سوزۇنچاق دۇكانغا مەخسۇس كاسسىرنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بىراق ھېسامنىڭ ھېلىقى ئاغىنىسى ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا تاپاۋەت كېلىدىغان، ئەمما كۈچ تەلەپ قىلمايدىغان ئىشتىن پەقەت مۇشۇنى تاپالىدى. رايونلۇق سانائەتنىڭ باشلىقى ئۇنىڭ بۇرادىرى ئىدى، ھېسامنىمۇ خېلى ياخشى تونۇيتتى. شۇنىڭ بىلەن ھېسام باشلىقنىڭ تەستىقى بىلەن ساتىراشخانىغا ئىشقا باردى. ساتىراشلارنىڭ ھەممىسى شەھەرلىكلەرگە تونۇش پېشقەدەم ئۇستىلار ئىدى. ھېسامنىڭ كەلگىنىدىن ئۇلارمۇ خۇشال بولۇشتى. ساتىراشخانىدا كۈندە بىر خىللا پاراڭ، مەشغۇلات تەكرار داۋام ئېتەتتى. ھېسامدەك تونۇلغان چاقچاقچىنىڭ كېلىشى ساتىراشخانىدا يېڭى مۇھىت پەيدا قىلدى.

ھېسامنىڭ 1 ـ رايون ساتىراشخانىسىدا ئىشلەۋاتقانلىقى قۇلاقتىن قۇلاققا تارقاپ، شەھەردە يەنە بىر يېڭى گەپ تېمىسى بولدى. بۇ تازا مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئەۋجىگە چىقىپ، ناخشا ـ مۇزىكا، كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرلىك پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى چەكلىمىگە ئۇچرىغان، كىشىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە يۈرىدىغان چاغلار بولغاچقا، ھەممە ئادەم كۆڭۈل ئاچىدىغان، بىردەملىك بولسىمۇ خۇشلۇق پەيدا قىلىدىغان ئىشلارغا تەشنا ئىدى. ئەنە شۇ سەۋەبتىنمۇ ھېسام ئىشقا كىرگەن ھېلىقى ساتىراشخانىدا بىردىنلا يېڭى ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ساتىراشخانىنى ئادەم بېسىۋالدى. ھېسامنى تونۇيدىغانلار، تونۇمايدىغانلار، سىرتتىن تەرىپىنى ئاڭلىغانلار، قىزىق پاراڭلىرىنى باشقىلاردىن ئاڭلاپ، ئۆزىنى بىر كۆرۈپ بې- قىشقا قىزىقىپ يۈرگەنلەر ئىدى. سوزۇنچاق ساتىراشخانىدا ئەمدى قاچانلا قارىسا ئادەم لىق توشۇپ، ساتىراشلار قولى - قولىغا، پۇتى - پۇتىغا تەگمەي ئالدىراش بولۇپ كەتتى. كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا قۇرۇق كەتمەيتتى. بىر- لىرى چېچىنى ئالدۇراتتى، بىرلىرى ساقال - بۇرۇتىنى قىردۇراتتى. چېچى ئانچە ئۆسمىگەن ياش باللارمۇ نە - نەلەردىن كېلىپ ئۆچىرەت ساقلىغاچ، ھېسامنىڭ قىزىق گەپلىرىگە ھېلىدىن ھېلىغا كۈلەتتى. گايىبىر يىگىتلەر ئۆمرىدە ھېسامنى كۆرگىنى مۇشۇ بولسىمۇ، خەقنىڭ ئال- دىدا ھېسام بىلەن كونا تونۇشلۇق سالاھىيىتى بىلەن ماختانماق بولۇپ، ھېسامغا ئۇدۇللا پاراڭ قىلاتتى:



—ھېسامكا، قانداق ئەھۋالىڭ، ھە، كۆرۈنمەيسەنغۇ؟

ھېسام ئۆمرىدە بىر ئادەمگە ئالدىراپ ناتونۇشلۇق مۇئامىلىسى قىلمايتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ تەبەسسۇملا:

—بارغۇ بىز، مانا مۇشۇ دۇكاندا.

—ئۆزۈڭ نەلەردە يۈرىسەن؟ ئەستا، ئېتىڭنى ئۇنتۇپ قالدىما...؟ - دەيتتى.

شۇنىڭ بىلەن ياش يىگىت ئىشەنچلىك ھالدا پۇتىنى ئالماپ ئولتۇرۇپ، ئۆپچۆرىسىدىكى ھېسام بىلەن ئۆزد- دەكلا يېڭى تونۇشقان، ساددا ئادەملەرگە غالىم - غالىم قاراپ قويۇپ، پاراڭنى دۆك سوقاتتى.

—ئامىلىكىن ئۆتكەندە، بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئول- تۇرۇشتا قەبىھ ئېچىلىپ كەتتىڭ جۇمۇ ھېسامكا! چاقچاق- تىمۇ روزى توخۇ ئىككىڭلار قالتىس پارلاشتىڭلار...

—روزى توخۇكام دېمەمسەن، - دەيتتى ھېسام بېشى- نى ئەينەكتەك قىردۇرغان مويسىپىتتىن پۇل ئېلىۋېتىپ كۈلۈمسىرىگىنىچە. بوۋاي ھېسامنى كۆرمەي دەپ مە- ھەللىسىدىكى چۆيقەت ساتىراشخانىنى تاشلىۋېتىپ، خېلى ئۇزاق يولنى بېسىپ باش بېكەتتىن كەلگەنىدى. ئۆچىرەت ساقلىغاچ ھېسامنىڭ ئاغزىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپلا قالغان ئورتا ياش يەنە بىر دېھقان بولسا دادامتۇدىن ئالايتەن كەلگەنىدى.

ھېسامنىڭ ئالدى يارىشىپ، شۇ ئاي ئىچىدىلا سات- راشخانىنىڭ تاپاۋىتى بىر قاتلاندى. كونىراپ كەتكەن مانچېستىر دوپپىسىنىڭ بىر چېتىنى دائىملا پۈكلەپ كىيە- ۋالىدىغان ياشقا چوڭراق بىر ئۇستا ھېسام يېڭى كەلگەن كۈنلەردە قاپىقىنى ئانچە ئاچماي يۈرگەنىدى. مول تاپا- ۋەتنى كۆرۈپ ئەمدى ئۇمۇ ھېسامغا بۆلەكچە يېقىنچىلىق قىلىدىغان بوپكەتتى.

ساتىراشخانا دېگەن ئاجايىپ بىر جاي. ھەر كۈنلىكى بۇ يەرگە ھەر يەر - ھەر يەردىن، خىلمۇخىل ئادەملەر كېلىدۇ. ئۇلار يېڭى خەۋەر، ئۆچۈرلارنى، تۈرلۈك قىزىق گەپلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. پاراڭ تېمىسى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىرەر گەپ، ھېكايە ئاسانلىقچە ئاخىرلاشمايدۇ. چۈنكى دۇكانغا يېڭى خېرىدار كىرىپ كېلىدۇ، يە گەپ قىلىۋاتقان خېرىدار مۇھىم ئىشى ئېسىگە چۈشۈپ، ئالدىراپ پۇلنى تۆلەپ چىقىپ كېتىدۇ. زامان ئەنسىز بولغاچقا پاراڭلارمۇ ئېھتىيات بىلەن بولىدۇ. قايسىدۇر بىر خېرىدار گەپنى

سەل تاپتىن چىقىراي دېسە، بۆكىنى پۈكلەپ كىيىۋالىدىغان ئۇستام تامىقىنى قىرىپ قويۇپ:

— هاي - هاي، ئۇستىرام تېيىلىپ كېتىدۇ. ھە، قېنى ھېسامدۇن، پاراڭ قىلىڭا! - دەپ قوياتتى.

ساتىراشخانىدا ئەڭ قىزىيدىغىنى بىر سەن - بىر مەن چاقچاق بولاتتى. يەنە كېلىپ چاقچاق ساتىراشخانىغا، چاچ، ساقال - بۇرۇت ئېلىشقا ماس ھالەتتە ئايلىناتتى. بىر خېرىدار يېڭىلا بوشىغان ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشقا ھېسام بىر گەپ تاپاتتى.

— ئىسلىماخۇنكا، ياش ۋاقتىڭىدا قوغۇنلۇقتا جىق ياتقانمىتىڭ نېمە؟

— قانداق دەيسەن ھېسامجان؟ - دەپ خۇدۇكسىرەپ كۈلەتتى بېشىدىن دوپپىسىنى ئەمدىلا ئالغان ياشقا چوڭراق خېرىدار ئېھتىيات بىلەن.

— يا ئەمدى بېشىڭنى كۆرۈپ بېسىۋالدى قوغۇن يادىمغا كېلىپ قالدىچۇ.

ياندا نۆۋەت ساقلاپ ئولتۇرغان شىتىلىراق ياش بالا چاقچاق قىلاتتى:

— قانداق دەيسەن ھېسامكا، بىرەر تىلىم تىلىپ بەرسۇنما؟

ھېسام خۇددى شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەك گەپنى تارىسىدە ئۇراتتى:

— تىلغان يەردىن ئۇرۇقى تۆكۈلۈپ كەتسە دەيسەنغۇ - ھە؟ ئۆزۈڭمۇ ئۇرۇققا ئامراق نېمىدىڭ، قېيۇم!

گۇررىدە كۆتۈرۈلگەن كۈلكىدىن «پاچاقچى»نىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ، نائىلاج ئۆزىمۇ كۈلكىگە قوشۇلاتتى - دە:

— ھە، گەپ قىلە ھېسامكا، گەپ قىلە! - دەيتتى.

يەنە بىر چاغلاردا قولى ئىشتا، غىڭشىپ بىر ئاھاڭغا كەلتۈرۈۋاتقان ئۇستىلاردىن بىرىگە ئېغىز ئېچىپ قالاتتى:

— ھېسام، جىمىپ كەتتىڭغۇ، گەپ قىلغاچ ئولتۇرمامسەن!

— گەپ قىلاي دېسەم ئۆزۈڭ تۈگمەيدىغان قىرائەتنى باشلىۋالدىڭ. قاچان «ئامىن» دەيمىزكىن، دەپ ساقلاپ ئولتاتتىم شۇ، مالىك.

يەنە يېڭى كۈلكە، يېڭى چاقچاقلار باشلىناتتى.

ساتىراشخانىغا ھېسامنىڭ مەھەللىلىكلىرىمۇ كېلىپ



قالاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شەھەرگە تونۇلغان قىزىقچىلاردىن ساتتار قورۇق، ئىبراھىم جاھانكەزدى، گايىدا روزى ئابدۇۋېلىمۇ بولۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا چاقچاق راسا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇستىلارمۇ، خېرىدارلارمۇ پۇخادىن چىققۇچە پەيزى قىلىشىۋالاتتى.

— ئىبراھىم ئۇكا، پات - پات كېلىپ تۇرىڭا يوقاپ كەتمەي، - دەيتتى بۆكىنى پۈكلەپ كىيىدىغان ئۇستام كۈلكىدىن ياشلىرىنى ئېرتقىنىچە، - سىز كەلسىڭىز ھېسامدۇن بۆلەكچە ئېچىلىپ كېتىدىكەن.

— ھوي بۇنى تەكلىپ قىلىپ بالاغا قالماڭ يەنە، - دەيتتى ھېسام دەررۇ، - سىنىڭ راست دەپ قويسىڭىز، دۇئاغا چاچ ئالغۇزىدىغان نېمە بۇ.

— مەيلى، مەيلى، دۇئامۇ كېرەك. «دۇئا بىلەن ئەر كۆكرەر» دەپتىكەن. ئىبراھىملاردىن پۇل ئالمىساق نېمە بوپتۇ!

— ئاڭلىدىڭما ھېسامكا، - دەيتتى ئىبراھىم جاھانكەزدى خۇش بولۇپ، - «راخمانىنىڭ ئېشىدىن شەيتان قىزغىنىپتۇ» دەپ، خەق ئىلتىپات كۆرسەتسە، سېنىڭ قورسىقىڭ نېمە ئاغرىپ كېتىدۇ؟

— هاي - هاي ئىبراھىم، گەپنى بايقاپ قىل جۇمۇ، ماۋۇ مالىك ئۇستامنىڭ قولىدا پىچاق بار.

ئىبراھىممۇ، نۆۋەت ساقلاۋاتقان خېرىدارلارمۇ ھېسامنىڭ چاقچىقىنىڭ تېگىنى پەملەپ، كۈلۈشۈپ كېتەتتى. مالىك ئۇستام بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەيتتى:

— ھە ھېسام، گەپ قىلە، بىلمىگەنلەر بىلىۋالسۇن.

ھېسامنى ئورۇنلاشتۇرغان ئاغىنىسى بىر كۈنى سانائەتنىڭ ھېلىقى باشلىقىنى ئېلىپ ساتىراشخانىغا كىرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەلدى. باشلىقنى كۆرۈپ ئۇستاملار جانلىنىپ كېتىشتى. تالىشا - تالىشا ئاخىر بىرى ئۇنىڭ چاچ - ساقىلىنى ئېلىپمۇ قويدى. ھېسام باشلىققا چاقچاق باشلىدى:

—يائاللا چاڭجاڭ، بوپقويىدىغان نېمە باشلىقلىقكەن جۇمۇ!

—قانداق دەيسىز ھېسام؟ - سورىدى ياتما ئورۇندا ئوڭدا بوپقالغان، ئېڭەك، بويۇنلىرى مازغاپ باشلىق خىرىلداپ.

—سىز كىرىۋېدىڭىز مۇنۇ ئۇستاملار ئېڭەكلىرىڭىزنى تالىشىپ كەتتا. مەن مەشەگە كەلگىنى تۆت ئاي بولدى، بىرەرسى مەن دېمىسەم ئۆزلۈكىدىن ماۋۇ يەرگە كەل ھېسام، دەپ قويمايدۇ.

ئۇستاملار تىللىرىنى چاكىلدىتىپ، باشلىرىنى چايقاپ كۈلۈشتى. باشلىقنىڭ كېكىرتەكگە ئۇستىرا ئاپارغان ساتىراش كۈلكە ئارىلاش تۇۋلىدى.

—ھېسام، شۇك جۇمۇ، كېسىۋالىمەن بىكار!

—بېشىڭىز ئونىمىدى،- دېدى ھېسام تېخىچە كۈلۈپ ئوڭدا ياتقان باشلىقنى شەرەتلەپ،- يە تازا بوداق مالكەن دەپ قالدىڭىزمۇ!

—يامانكەن، ھېسام يامانكەن،- باشلىق ياتقان جايدا قىمىرلاپ كۈلۈپ، خىرىلداپ كۈلدى.

سەلدىن كېيىن ئېڭەكلىرى پارقىراپ باشقىچە



ئىسكەتكە كىرگەن باشلىق مەڭزىلىرىنى ئىككى ئالقىنىدا سىلىغىنىچە ھېسامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، گەپ باشلىدى:

— قاراڭ ھېسام، مەن مۇشۇ كىتابنى جىق ئوقۇپ قويىمەنچۇ. بىر كىتابتىن ساتىراش توغرۇلۇق بىر شېئىرنى ئوقۇپ قالدىم، ئېسىمدە قالدىغۇ دەيمەن...

باشلىق تورۇسقا قاراپ، شېئىرنى يادلاشقا باشلىدى:

—بارچە ھۇنەر يىپقا ئۆتكۈزگەن دۇرۇ،
دۇر ئىچىدە قىممەتلىكى ساتىراش.
چۈنكى ئەگەر ئىشقا چۈشەر بولسا ئۇ،
تەسلىم ئاڭا شاھۇ - گادايى ھەممە باش.

ھەممەيلەن ھەر خىل خىتابلار بىلەن شېئىرنى ماختاپ كېتىشتى. ھېساممۇ ئۆز يولىچە ئىپادە بىلدۈردى:

—يائاللا، شۇڭا ماۋۇ كېرىماخۇن ئۇستام قورقماي سىزگە تىغ تەگلەيتىكەندە!

—مۇشۇ ساتىراشلىقنى قاراڭ چاڭجاڭ، مانا سىز بىلمىدىكەنسىز، بابىدا ماختىدىڭىز. مېنىڭ ئاتام رەھمەتمۇ زامانىسىدا يۇرتتا كامالىغا يەتكەن ساتىراش بولىدىغان، بىز بۇ ھۇنەرنى شۇ پەدەردىن ئۆگەنگەنغۇ. شۇ رەھمەتى دائىم دەيدىغان ساتىراشلىقنىڭ ساۋابىدىن، جىمى ساتىراش ئۆلگەندە ئۇدۇل جەننەتتى بوپكەتكىدەكمىش...

—ئىنشائاللا،- دېدى بۆكنى پۆكلەپ كىيىدىغان ساتىراش.

ھېسام سۆزلىدى:

—كېرىماخۇنكا، بىز بارغىچە جەننەت ساتىراش بىلەن توشۇپ كېتىپ، بىز تالادا قالىمىزكەندە!

— ھاي - ھاي، كۇپۇر، كۇپۇر،- كېرىماخۇن رەنجىدى. بۆكنى پۆكلەپ كىيىدىغان ئۇستام تامقىنى قىردى.

—ھاي، ئۇستىرام تېيىلىپ كېتىدۇ - ھە!

سېمىز باشلىق پىخىلداپ كۈلگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، گۆشلۈك ئالقىنى بىلەن ھېسامنىڭ يەلكىسىگە قاقتى.

—يامان، يامان! سۇلتانجان، ھېسام بىلەن بىر كۈنى بىر ئولتۇرايلى جۇمۇ، ۋاقتىنى ئۆزۈم توغرىلايمەن.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ھېسام باشلىقنىڭ سورۇنىغا داخىل بولدى. ئۇنىڭغا بۇنداق سورۇنلار دائىم تەييار بولۇپ تۇراتتى.

*«كاتەك»تە*

قىسسىمىزگە مۇشۇ مەنزىلگە كەلگىچە بىز ئـارىـلاپ روزى ئابدۇۋېلىنى بىر نەچچە رەت تىلغا ئالدۇق. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ ئەينى چاغدا بىر ياش قەلەمكەشكە «مېنىڭ چاقچاق گەپلىرىمدىن يارىغانلىرىنى ھېسامكامغا ئاتتۇۋېتىڭ، بىز ھەممىمىز ھېسامكامنى گەۋدىـلـەنـدۈرەيـلى» دېگىنى كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرگەنىدى.

بىر قېتىم سورۇندا يەنە مۇشۇ گەپ بولۇپ قېلىۋېدى، ھېسام دۇتارنى سازلاۋاتقان روزى ئابدۇۋېلىگە چاقچاق قىلدى:

— ھەي روزى، بىر تال تۇخۇمىڭنى يەپ قويغانغا خېلە گەپ قىلىپ كېتىپسەن، كاتىكىڭنى بۇزساق قاقاقشىپ توختىمامسەن نېمە؟

روزى ئابدۇۋېلى چېلىشقا تەمشىلىۋاتقان دۇتترىنى توختىتىپ:

— كاتەك بۇزىدىغان يەردە نېمىش قىلسەن ناۋاي ھېسامكا، پىشقان تۇخۇمنى ئاقلاپ بەر دەيدىغان نېمە تۇرساڭ، - دېدى.

—دەيمىزدە، شاكىلىڭنى تۇتقىمىز كەلمەي، قانداق؟

—شاكىلىنى تۇتماي سىرىقىنى موك سوقمەن دېگىنە!

سورۇندىكىلەر بۇ ئىككى مىقتىنىڭ بەل تۇتۇشۇشىغا نەزەر سېلىپ، ھەر دائىم كۇلۇشكە تەييار تۇرۇشاتتى.

—ھېسامكا، شۇنداق قىلىپ، شۇنداق بوپكەتتىما؟ - روزى تولىراق مەۋھۇم ئىبارىلەر بىلەن گەپ باشلايتتى.

ھېسام بولسا بىراقلا ئۇدۇلدىن كىلەتتى:

—قۇيرۇقىڭما؟

—چىداپ ئوينا! —روزى كۇلۇمسىرىگىنىچە ھېسامنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ تۇرۇۋالاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئادىتى كەيىپ بوپقالغاندا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىدى.

روزى يوق سورۇنلاردا ھېسام ئۇنىڭ جېدىلىنى قىلاتتى:

—ھەي ھۇسەن، روزىنى چاقىرمىدىڭما؟ ھەي، يامان قىپسەندە!

—بالا ئىۋەتكەن ھېسامكا، ئۆيدە يوق.

—كاكىلاپ باشقا سامانلىققا چىقىپ كېتـىپـتـۇ - دە، پەيزى بار نېمىچۇ، روزىنىڭ!

نۆۋەتتە روزى ئابدۇۋېلىمۇ ھېسامنىڭ ئارقىسىدىن كۆرپە سېلىپ تۇراتتى:

—قىرىق - ئەللىك چاقچاقچىنى يىغىۋالغۇچە ھېسامكامغىلا دەپ قويساڭ بولمامدۇ ئۇكا، ھەممىسنى ۋارى - ۋارى قىلىۋېتەتتى.

—بىر يەرگە ماقۇل دەپ قويۇپتىكەنمەن، دەپ زادىلا ئۇنىمىدى، ئاڭلىسام بۇگۈن دەريا بويىدا قاسىم قاس - قاسىنىڭ ئولتۇرۇشىكەن.

روزى كۇلۇمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى.

—قولىقىغا پىچىرلىغان بىلەن يانچۇقىغا تازا پىچىرلىماپتىكەنسەندە، ھە!

ھېسام بىلەن روزى بار ئولتۇرۇشنى «خىجالىتى يوق ئولتۇرۇش» دېيىشكە بولاتتى. چاقچاقتا ئىككىيلەن كېرىشەتتى، بىر - بىرىگە ئاسانلىقچە بوي بېرىشمەيـتـتى. ھېسامنىڭ مىجەزىنى روزى ئابدۇۋېلى ياخشى چۈشىنەتتى. ھېسامنى قانچە ئېچىلسۇن دېگەن ئادەم، ئۇنى شۇنـچـە ئۆرەدىشى، ئاچچىقىنى كەلتۈرۈشى لازىم ئىدى.

— ھېسامكام تېرىككەندە ئاغزىدىن دانا گەپلەر پالاق - پۇلۇقلا چىقىپ كېتىدۇ، - دەيتتى روزى.

—سېنىڭ قانتىڭ بولغىيدى ئۇ پالاقلايدىغان! - ھېسام دەررۇ ئىلىۋالاتتى.

چاقچاقنىڭ ئورنىنى مۇزىكا ئىگىلىگەندە روزى ئابدۇۋېلى ئۆز ماھارىتىنى تولۇقى بىلەن نامايان قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئىلى خەلق ناخشىلىرىغا ئاجايىپ باپ كېلەتتى، تىڭشىغانلار سادىر قىلغان يانبۇلاقتا بىللە ئات چاپتۇرغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالاتتى.

—ياشاپ كەت، روزى، ئالامەت قىچقىرىۋەتتىڭ جۇمۇ! - روزى ھەر بىر كالۇن ناخشىسىنى ئاخىرلاشتۇرغاندا



MIRAS

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھېسام بىر قېتىم كەلتۈرۈۋېلىشنى ئۇنۇتمايتتى.

—دەۋېرەمسەن ھېسامكا،- دەيتتى روزى كۈلۈمسە-رەپ،- يامان كونا گەپقۇ!

ھېسام بولسا شۇ گەپنىمۇ ئىلىۋالاتتى:

—كونا بولغاچقا يامانده!... ھىھ...

—ئامال بارمۇ؟- روزى ئابدۇۋېلى ئاگىنچە بىر تال تاماكا چېكىپ، نۆۋەتنى «دۆۋىلەپ» ئىچىۋالغان بولات-تى. تەلەپلەر ئۇ يەر- بۇ يەردىن ئاڭلانماقتىدى. سورۇن ئەھلى ئۇنىڭ تېكىستلىرى يېڭىچە، ئويناق ئىجادىي ناخ-شىلىرىنى ئاڭلاش تەقەززاسىدا ئىدى.

—چالدۇقما ئەمىسە؟- روزى دۇتارنى بىر دۈرۈ سىلىۋېتىپ، ئۆزىگىلا خاس كۈلۈمسىرەش بىلەن ھېسامغا قارى-دى.

— چىللاك!- ھېسام ئەتەي چاق-چاق تەلەپپۇزىدا تەكتىلىدى. روزى بېشىنى چايقاپ، كۈلدى:

— خاۋارىش!- دەپ قويدى.

ھايال ئۆتمەي سورۇننى دۇتارنىڭ يەڭگىل، يېقىملىق تارانىسى، روزى ئابدۇۋېلىنىڭ تونۇش ئاھاڭى ئەسىر قىلدى:

—... زومۇ- زو دۈشمەن ياساپ، يۈرمەيلى دۈشمەن بولمىسا!

بىر سورۇندا ھېسام روزى ئابدۇۋېلىگە چاقچاق قىل-دى:

—روزى، ھېلىقى ناخشاڭ ئالامەت كەڭ تارقاپ كې-تىپتۇ، جۇمۇ!

—قايسى ناخشام؟- روزى سەگەكلەندى.

—ھېلىقى «كەلسەڭ ئەگەر» دېگەن ناخشىچۇ! تۈنۈگۈن بىر يەرگە بارسام يەتمىشتىن ئاشقان بىر موماي دۇتارنى راسا چالغىلى تۇرۇپتۇ. نېمە ناخشىنى ئېيتىدىكىن، دەپ قاراپ تۇرسام «كەلسەڭ ئەگەر بۈگۈن كەل يارىم، ئەتە كەلسەڭ بۇ چىرايىم يوق» دەۋاتامدۇ!

سورۇننى گۈررىدە كۈلكە قاپلىدى. روزى ئابدۇۋېلى مىت قىلماي ھېسامنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

—توغرا ئېيتىدۇ، يالغانمۇ؟

—شۇ راست، تۈنۈگۈن ئەتراپتىكى خوتۇنلارمۇ «ھەئە، راست» دېيىشىپ كەتتى،- ھېسام يەنە ھۇجۇم قىلدى.

—مەسىلەن؟- دېدى روزى ئادىتى بويىچە «ئادەم چېلىپ». بىراق ھېسام چېلىنمايتتى.

—مەسىلىنىڭگە مەسىلەن؟- دەپ روزىغا تىكىلىپ تۇرۇۋالدى ئۇ.



—ھېسامكام بە-لەن كۆرگەن قىزىق ئىشلىرىمىز جىق،- دېگەندى روزى ئابدۇۋېلى بىر نۇ-ۋەت پاراڭ قى-لىپ،- بىر قېتىم بىزنىڭ مەللىدىكى مەشرەپكە ھېسا-كامنى ئاپچىقتىم. نۇ-ۋەت مەللىمىزنىڭ ئىمامىنىڭ ئوغلىغا كەلگەنىدى. ئەسلى-دىنغۇ مەشرەپتە ھاراق ئىچىلمەيتتى، شۇ كۈنى ھېسامكامنى كىپەكيۈزىگە چىقىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ، تالادىكى مەستلەرمۇ كىرىۋاپتۇ. شۇ كۈنى ئىمام بىر يەرگە كېتىپ، ئۆيىگە كەچرەك قايتقان ئىكەن. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىشىگە، مەش-رەپتىكى مەستلەرنى نېرىقى ئۆيگە يۆتكەۋاتقان يىگىتلەرگە كۆزى چۈشۈپتۇ. ھەيران بولغان ئىمام:

—ھاي- ھاي، نېمە ساراسىمە بۇ؟- دەپ ۋارقىرى-دى.

شۇ چاغدا ھېسامكام ئىككىلەن پېشايۋاندا سالقىنداپ ئولتۇرغانىدۇق. مەنغۇ ئىمامئاخۇنكام مېنى كۆرۈپ قالمى-سۇن دەپ موكلا يېتىۋالدىم. ھېسامكام يۈگۈرۈپ ئىمامنىڭ ئالدىغا باردى:

—ھېچگەپ يوق تەقسىر، بالىلار زەرەتگالىقنى يۆتكەۋاتىدۇ،- دېدى. يادىڭىزدىمۇ ھېسامكا؟

—ئاشۇ موكىلا يېتىۋالىدىغان يېرىلىك يامانىدە روزى،- ھېسام روزىنىڭ گېپىدىن ئۆزىگە كېرەكلىكــــنى ئــۈزۈپ ئالدى،- خورازنى كۆرسەڭلا شۇ...

—يەنە بىر قېتىم،- دېدى روزى ئابدۇۋېلى،- ھېسامكام ئىككىمىز بىرسىنى ساقلاپ تاشلەپكىنىڭ ئالدىدا تۇرساق خېلى جايدا كىينىگە بىر يىگىت كېلىپ، سالامنىڭ جوڭىنى قىلدى:

—ھېسامكا، روزىكا، قارىسام ئىككىلىڭلار بـار ئـەكەنسىلەر، بىر سوئال سورىسام بولامدۇ؟- دېدى.

—سوراۋەر،- دېدى ھېسامكامۇ.

—ئۆيلىنەي دېسەم دېگەندەك لايىق چىقمايۋاتـدۇ،- دېدى ھېلىقى يىگىت ھال ئېيتىپ،- ئۆزى چىرايلىق، گەپ قىلماي كۆلۈپلا تۇرىدىغان، ماڭ دېسەم مېڭىپ، تۇر دېسەم كۆرسەتكەن يېرىمدە قىمىر قىلمايدىغان بىر ئايال چىقسا بولاتتى...

يىگىتنىڭ گېپىگە كۆلكەم قىستىدى.

—ھېسامكا، سەن بىر نېمە دېگىنە، شۇنداق خوتۇن نەدە باردۇ؟

ھېسامكام شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، تېز جاۋاب بەردى.

—چىقىپ قالىدۇ، ئۇكا سىز ماگىزىنىدىكى قونچاقتىن بىرنى سېتىۋېلىڭ، ھەم ئەرزان...

يىگىت غىپپىدە كېتىپ قالدى.

ھېسام بىلەن روزى ئابدۇۋېلىنىڭ كۆرگەن سورىنى جىق، دېيىشكەن گەپلىرىمۇ ئاز ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ ھەر بىر سورۇندا ئۇلار مەڭگۈ يېڭى ھېسسىيات، يېڭى سۆھبەت، يېڭى چاقچاق بىلەن ئولتۇرۇشالايتتى.

—نېمىشقا دېگەندە ئۇكا،- دېدى ھېسام بىر كۈنى سەلىمجاننىڭ شۇ تەھلىلگە قارىتا،- روزىلار تېز يېتىلىپ، تېز چىلاپ، تېز... جىرۇچىنىڭ قازىنىغا چۈشۈپ كېتىدۇ دەڭا، شۇڭا دائىم يېڭىدەك تۇرىدۇ.

—دەلەلىمىدىڭ ھېسامكا،- دېدى روزى ئابدۇۋېلى. كېيىن سەلىمجانغا قارىدى،- ھېسامكام ئۆزى كونا ئادەم، كۆپ تۇتۇلغاندە... شۇڭا يېڭىنى تازا ياقتۇرمايدۇ.

—مۇشۇمۇ چىلاش بوپتىدە،- ھېسام كۆلۈمسىرىدى - دە،- ھەي روزى، نامازشام بوپقاپتۇ، ئاستا قونداقىقا چىقىۋالامسەن ياكى كاتەككە كىرىپ كېتەمسەن؟

بىر قېتىم، ئېھتىمال ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى ياكى 80- يىللارنىڭ باشلىرى بولسا كېرەك، غۇلجا شەھىرىنىڭ دۆڭمەھەللىسىدە ئـولـتـۇرۇش بولدى. بۇ «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار» دېگەن ناخشىنىڭ يېڭىدىن چىققان چاغلىرى ئىدى. ناخشا روزى ئابدۇۋېلىغا بەك يېقىپ كەتكەن بولسا كېرەك. «گۈھەر زېمىن» رېستورانىدىكى ھېلىقى ئولتۇرۇشتا ئۇ ناخشىنى نەچچە يېنىپ ئېيتتى. بىر چاغدا ھېسام مۇراجىئەت قىلدى:

—بولدى ۋوي زەپمۇ چىرايلىق، توختا ئەمدى!

چۈشتىن كېيىن قىزىقتىن- قىزىق چىقىپ، ئولتۇرۇش قارا دۆڭگە يۆتكىلىدىغان بولدى. ئۇ زامانـلاردا تـېـخـى تاكسى بولمىغاچقا، كۆپچىلىك ئەتىيازنىڭ پاتقىقنى كېچىپ پىيادە مېڭىشتى. خەنزۇ بازىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ كېتىشەۋاتقانلىرىدا، سەلىمجان بىلەن ھېسامغا قىزىق بىر پاراڭنى قىلىپ كېتىۋاتقان روزى ئابدۇۋېلى توساتتىن تېيىلـىـپ، ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى، بېشى يول چېتىدىكى گىرۋەككە تەگدى.

ئالدى- كەينىدىكىلەر ئىتتىك كېلىپ روزىنى يۆلىدى. ئەھۋالنى سورىدى. روزى ئابدۇۋېلى ئاغرىققا چـىـداپ، ئەركەكچىلىككە ئېلىپ چاقچاق قىلدى:

—ئاپىرىن، بىزنىڭمۇ تېيىلىدىغان ۋاقتىلىرىمىز بولدىكىنە!

ئاغىنىلەر بۇ ئۆتكۈر «ئۆز- ئۆزىنى تەنقىد» تىن كۈلۈشمەك قىلدى.

ھېسام بولسا باشقىچە بىر چاقچاق كەلتۈردى:

—قانداقراق- ھەي روزەم، زەپمۇ يىقىملىق تەگدى كاللا!

روزىنىڭ ناخشىسى ياد بوپكەتكەن ئۇلپەتلـەر چـىن دىلىدىن بېرىلىپ كۈلۈشتى.

تاكى ھازىرغىچە ھەرقانداق يەردە ئۇچرىتىپ قالسا، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ھېسامنىڭ ئاشۇ چاقچىقىنى ئەسلەپ، تەكرارلاپ قويىدۇ.

زەپمۇ يىقىملىق تەگدى كاللا!

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# غەيرىي ماددىي مەدەنىي مىراسلارنى قانداق يىغىپ ـ ساقلاش كېرەك



*غەيرىي ماددىي مەدەنىيەتنىمۇ يىغىپ ـ ساقلاشقا بولىدۇ*

كۆپچىلىك كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، غەيرىي ماددىي مەدەنىي مىراس، دېگەن بۇ سۆز تېخى يېڭى بىر ئۇقۇم. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن ـ مائارىپ تەشكىلاتى «غەيرىي ماددىي مەدەنىي مىراسلارنى قوغداش خەلقئارا ئەھدىنامىسى»دا بېرىلگەن تەبىرگە ئاساسلانغاندا، غەيرىي ماددىي مەدەنىي مىراسلار دېگىنىمىز كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا: ئاغزاكى رىۋايەت ۋە بايانلار (غەيرىي ماددىي مەدەنىي مىراسلارنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان تىلنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ ئورۇنداش سەنئىتى، ئىجتىمائىي ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن، ھېيت ـ بايرام مۇراسىملىرى؛ خەلق ئىچىدىكى تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئالەمگە ئائىت بىلىم ۋە تەجرىبىلەر؛ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ماھارەتلىرىنى كۆرستىدىكەن. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا،خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ياتىدىغان، ئاممىۋى تۈس ئالغان، ئاۋام ئارىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەل ئىچى مەدەنىيىتى، فولكلور خاراكتېرىنى ئالغان مەدەنىيەتلەرنى كۆرستىدۇ.

جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى جەمئىيەتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى شياڭ يۈنجۈنىڭ قارىشىچە، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنىڭ مۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇلى بار ئىكەن. بىرى: ئەسلىي ھالىتى بويىچە ساقلاپ قېلىش، خاتىرىلىۋېلىشقا تېگىشلىكلىرى بولسا، ئىزناسىنى بولسىمۇ ئېلىپ قېلىش. مېي لەنفاڭ ناخشىلىرىنىڭ بىرەر پارچە كونا پاتېفون پلاستىنكىسى، بىر پارچە چاغانلىق رەسىم، بىر دانە ياغاچ قونچاق دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى مەلۇم بىر مەدەنىيەتنىڭ خاتىرىسى. ئەلۋەتتە، بۇ خىل نەرسىلەرمۇ يىغىپ ـ ساقلاش دائىرىسىدە بولۇشى كېرەك.

خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت مىراسلىرى كەڭ يېزا خەلقىنىڭ ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ مەملى-كىتىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ رايونلىرىغا تارقالغان. ئەل ئىچىدىكى بۇ سەنئەت تۈرلىرى تۇرمۇشىمىزنىڭ كىيىم ـ كې-چەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ جاي، ھۈنەر ـ كەسىپ دېگەندەك ھەر خىل تەرەپلىرىگە بېرىپ چېتىلىدۇ. بۇ جە-ھەتتە شەندۇڭلۇق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يىغىپ ـ ساقلىغۇچى مېڭ جەنشىننىڭ تەسىراتى چوڭقۇر. ئۇ: غەيرىي

ماددىي مەدەنىيەتكە تەئەللۇق نەرسىلەرمۇ ماددىي نەرسىلەر بىلەن يەتكۈزۈشكە موھتاج، ئەل ئىچىدىكى ھېكايەت، ئەلنەغمە قاتارلىق ئاغزاكى مەدەنىيەتنى سەنئەتچىلەرگە ئىجرا قىلغۇزۇش لازىملا بولۇپ قالماي، يەنە ئۇنى كىتابلارغا كىرگۈزۈش، سۈرەتكە ئېلىش قاتارلىق ماددىي بۇيۇملار ئارقىلىق يىغىپ ـ ساقلاش كېرەك، دەيدۇ.

## *جانلىق مەدەنىيەتنى يىغىپ ـ ساقلاش لازىم*

ھازىر ئۆرپ ـ ئادەت، خەلق قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى يىغىپ ـ ساقلاش قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن خەلق مەدەنىيىتىنىڭ قىممىتى ئاشتى. شياڭ يۈنجۈنىڭ قارىشىچە: ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى بىر قىسىم يىغىپ ـ ساقلىغۇچىلار بۇ ئىشقا زور قىزغىنلىق بىلەن كىرىشكەندە، گەرچە ئۇلارنىڭ دەسلەپتە دىققەت قىلىدىغىنى مەلۇم بۇيۇمنىڭ پەقەت ئۆزىلا بولسىمۇ، شۇ نەرسە كېيىن بىزنىڭ شۇ بۇيۇمنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى تۇرمۇش مەدەنىيىتىنى تەپەككۇر قىلىشىمىزنى ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يىغىپ ـ ساقلاش ئەنئەنىۋى تۇرغۇن ھالەتتىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ ـ ساقلاشقا ئوخشىمايدۇ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يىغىپ ـ ساقلاش جانلىق ھالەتتە بولۇشى كېرەك. يىغىپ ـ ساقلىغۇچى، يىغىپ ـ ساقلىغان نەرسىلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا، بۇ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا، بولۇپمۇ، خەلق ھۈنەر ـ سەنئىتى، مەسىلەن، چاغانلىق رەسىم، قەغەز قىيمىچىلىقى، كەشتە دېگەندەك بۇيۇملارغا «بۇ پەقەت بىر ھۈنەر ـ سەنئەتتۇ» دەپلا قارىماسلىق كېرەك، ئۇلار تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە مەھكەم باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، تۇرمۇشىمىزنىڭ جانلىق نامايان بولۇشى، جانلىق مەدەنىيىتىمىزنىڭ يىلتىزى، دەپ مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قانداق يىغىپ ـ ساقلاش مەسىلىسىدە شياڭ يۈنجۈ مۇنداق تەكلىپ بېرىدۇ: غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يىغىپ ـ ساقلاش ئىشىنى مەخسۇس مۇستەقىل ئايرىپ تۇتۇپ، ئۇنىڭ قىممىتىنى يېڭى ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەش كېرەك. بۇ ئىش ئىنتايىن كەسپىلەشكەن بولۇشى، ھەر خىل شەكىلدىكى يىغىپ ـ ساقلاشلار ھەقىقىي نەرسە ۋە سايمانلار بىلەن ماسلاشقان بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، ياغاچ قونچاقلارنى يىغىپ ـ ساقلىغاندا، ئۇنىڭ مەدەنىيەتكە ئالاقىدار تەرىپىگە تېخىمۇ ئېتىبار بىلەن قاراش لازىم. يىغىپ ـ ساقلىغۇچىدا شۇ ياغاچ قونچاقنىڭ ئويما سەنئىتى، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشلىرىگە قارىتا مەلۇم چۈشەنچە بولۇشى كېرەك، ھەمدە ئۇنىڭغا مەلۇم سۈرەتلىك ماتېرىياللارنى بىرلەشتۈرۈپ، كىشىلەرگە بۇ ياغاچ قونچاقلار تۇرمۇشىمىزنىڭ قايسى تەرەپلىرىدە نامايان بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشىمىز لازىم. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ زىننەتلىرىنى يىغىپ ـ ساقلاپ تەتقىق قىلغاندا، يىغىپ ـ ساقلىغۇچى شۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزىنى يىغىش بىلەن يەنە مەلۇم خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ غەيرىي ماددىلىق ئالاھىدىلىكىنى، ئۇلارنى قانداق كىشىلەر، قانداق ۋاقىتتا ئىشلىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشى، يىغىپ ـ ساقلىغۇچى يەنە شۇ كىيىم ـ كېچەكلەرنى يۇقىرىلارغا كىيگۈزۈپ، زىبۇ زىننەتلەرنى تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ مەلۇم مۇراسىم پائالىيەتلىرىدىكى كۆرۈنۈشلىرىنى سۈرەتكە ئېلىپ يۇقىرىقى نۇقتىلارنى ئىسپات بىلەن كۆرسىتىشى كېرەك. بولمىسا، بۇ كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەتلەرنىڭ يەر ئاستىدىن كولىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن ھېچقانداق پەرقى بولماي قالىدۇ.

شياڭ يۈنجۈ مۇزېيلارنىڭ يىغىپ ـ ساقلىشى ئۈستىدە توختالغاندا يەنە: مۇزېيلار غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بىلەن مۇزېيدىكى تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئايرىپ كۆرگەزمە قىلىش، ئايرىپ تەتقىق قىلىش ۋە يىغىپ ـ ساقلىشى لازىم، دەپ تەكلىپ بېرىدۇ. شۇڭا، يىغىپ ـ ساقلىغۇچىلار غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يىغقاندا، چوقۇم سۈرەتكە ئېلىش، خاتىرە قالدۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلىتىش كېرەك. لېكىن، ھازىر خېلى كۆپ كىشىلەر بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلمايۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## بازار ئەھۋالى بارغانسېرى ياخشى

دۆلەت ئىچىدە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يىغىپ ـ ساقلاش قىزغىنلىقىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، قەدىمىي چالغۇ ئەسۋابلىرى، چاغانلىق رەسىم، قەغەز قىيما قاتارلىق ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى يىغىپ ساقلايدىغان بىر قىسىم كىشىلەر پەيدا بولۇپلا قالماستىن، يەنە بۇ ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ بازار باھاسىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆسمەكتە. ئىگىلىشىمىزچە: مۇشۇ بىر ـ ئىككى يىلدىن بېرى چاغانلىق رەسىم، قەغەز قىيمىچىلىقى قاتارلىق خەلق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ بازاردىكى باھاسىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆرلەش بولغان.

جۇڭگونىڭ قەدىمىي چالغۇ سەنئىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، ئىلىم ـ پەن ئورگىنى تەرىپىدىن «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ئەنئەنە ۋە غەيرىي ماددىي مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» دېگەن نامغا ئېرىشىپ، جۇڭگونىڭ كۇنچۈي تىياتىرىدىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم ئىلتىماس قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر تۈر بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن، قەدىمىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ يىغىپ ـ ساقلاش قىممىتىمۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. داڭلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مۇتەخەسسىسى ۋاڭ شىشياڭ ئەپەندى ساقلىغان تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق بىر قەدىمىي چالغۇ ئەسۋابى كىمئارتۇق بازىرىدا 8 مىليون 910 مىڭ يۈەن يۇقىرى باھادا سېتىلىپ، قەدىمىي چالغۇ ئەسۋابلار بىردىنلا ھەممە ئادەم كۆز تىكىدىغان بۇيۇمغا ئايلىنىپ قالدى، قەدىمىي چالغۇ ئەسۋابلار بازىرىنىڭ ئورنىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتتى.

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان ئىشتىياق بىلەن ھازىر نۇرغۇن يىغىپ ـ ساقلىغۇچىلار تېرە قونچاققىمۇ ①قىزىقىپ قالغىلى تۇردى. شەنشى، شەندۇڭ قاتارلىق جايلارنىڭ بازارلىرىدا تېرە قونچاقلارنىڭ سايىسى بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا بۇرۇندىن كېلىۋاتقان چىڭ خاندانلىقى دەۋرىنىڭ تېرە قونچاقلىرىنىڭ قىممىتى يۇقىرى تۇرماقتا.

جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ياغاچ ئويما چاغانلىق رەسىملىرىنىڭ ئامما ئارىسىدا ئەزەلدىن مەلۇم يىغىپ ـ ساقلىغۇچىلىرى بار ئىدى. 2000 ـ يىلدىن باشلاپ ياغاچ ئويما چاغانلىق رەسىملەرنىڭ باھاسى بىراقلا ئۆرلەپ كەتتى. 2000 ـ يىلقى بېيجىڭ كىمئارتۇق بازىرىدا، ئازاد رايونلاردا ياغاچ ئويمىدا باسقان «يېڭى چاغانلىق رەسىملەردىن تاللانما»نىڭ باھاسى 3000 يۈەن تۆۋەن باھادىن ئۆرلەپ 8800 يۈەنگە سېتىلدى؛ يەنە بىر ياغاچ ئويما چاغانلىق رەسىم 1000 يۈەندىن ئۆرلەپ، 9600 يۈەنگە سېتىلدى. تارىخى 1000 يىلدىن ئېشىپ كەتكەن جۇشەنجېن ياغاچ ئويما چاغانلىق رەسىملىرى ناپقىلى بولمايدىغان بولۇپ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. كېيىن مەدەنىي يادىكارلىقلار بازىرىدا باشقىدىن ھاياتلىق پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

ئۆرپ ـ ئادەت مۇتەخەسسىسلىرى ۋە يىغىپ ـ ساقلىغۇچى ئەربابلار بىردەك: دۆلىتىمىز «مەدەنىي مىراس كۈنى»نىڭ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشى بىلەن، كىشىلەر غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا بارغانسېرى كۆڭۈل بۆلمەكتە. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يىغىپ ساقلايدىغان بۇيۇملارمۇ بارغانسېرى تېخىمۇ قارشى ئېلىنماقتا. يىغىپ ـ ساقلاش قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى شۈبھىسىزكى، كەلگۈسىدە بۇ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

خەنزۇچە «يازغۇچىلار ئەسەرلىرىدىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىل 8 ـ سانىدىن.

**مەمتىمىن ھوشۇر** تەرجىمىسى.

①تېرە قونچاق ـ سايىسىنى چۈشۈرۈپ ئوينايدىغان قونچاق ئويۇنىدا ئىشلىتىدىغان قونچاق.

# ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ۋە ئۇنى قوغداش مەسىلىسى

ئوسمان ئىسمايىل تارىم



ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇ ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى ۋە ئون ئىككى مۇقامغا ئوخشاش غايەت زور مەدەنىيەت ھادىسىسى. ھالبۇكى، ھازىرغىچە بۇ مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىمىز يېتەرلىك بولماي كەلدى. بىز ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تارىخىي رولى، ئېستېتىك قىممىتى، ئۇنى قوغداش ۋە بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسى قاتارلىقلار ھەققىدە دېگەندەك چوڭقۇر ئويلىنالمىدۇق. بۇ ھال كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. مەن ئەنە شۇنداق زۆرۈرىيەتتە، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ھەققىدىكى بەزى كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاشنى لازىم تاپتىم.

***1. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش مەسىلىسى***

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزاق. بىز «ئوغۇزنامە» ①، «چىن تۆمۈر باتۇر» ② قاتارلىق داستانلىرىمىزنىڭ مەزمۇنىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلاردا ئوۋچىلىق تۇرمۇشى، بۆرە، ئېيىققا ئوخشاش توتېم ئېتىقادچىلىقى ۋە قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ـ تالاشلار يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مۇشۇ خىل ئەھۋالدىنلا بۇ خىل داستانلىرىمىزنىڭ ناھايىتى قەدىمكى دەۋردە پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ

www.uyghurkitap.com



بايان قىلىنىسمۇ، ئۇنىڭ شېئىرىي قىسمى ناخشا قىلىپ ئېيتىلىدۇ، يەنى راۋاب، دۇتار، تەمبۇر، ساتار، غىجەك ۋە ساپايى قاتارلىق سازلارنىڭ مەلۇم بىرى ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى خىلمۇخىل ئاھاڭ ئۆزگىرىشىگە ئىگە. چۈنكى، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزغا ئوخشاش شائىرلار ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى خاتىرىلەش، رەتلەش ياكى كۆچۈرۈش جەريانىدا ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىش قوشۇۋەتكەن، ئۇلار داستانلارنىڭ مەزمۇنىنى بايان قىلىدىغان نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ، ئۇنى بارغانسېرى بېيىتىۋەتكەن. شۇڭا بىر خەلق داستاندالىرىدا مۇرەببە، مۇخەممەس، مۇسەددەس، غەزەل، تۇيۇق ۋە رۇبائىي شەكىللىرىنى، يەنى يازما شېئىرىيەت شەكىللەرىنى ئۇچرىتىمىز. مەلۇمكى، بۇنداق ۋەزىن، مىسرا ۋە بوغۇم سانى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان شېئىرلارنى ناخشا قىلىپ ئېيتقاندا، جەزمەن ئۇنىڭغا ماس بولىدىغان خىلمۇخىل ئاھاڭ بولۇشى كېرەك. شۇ سەۋەبتىن ئەينى بىر داستاننىڭ ئۆزىدىلا نۇرغۇن ئاھاڭ ئۆزگىرىشىگە ئىگە بولغان. مەسىلەن، «غېرىب - سەنەم» داستانىدا 50 نەچچە خىل، «يۇسۇپ - ئەھمەد» داستانىدا ئون نەچچە خىل ئاھاڭ بار. مۇنداقچە ئېيتقاندا خەلق داستانلىرىنىڭ تېكىستىگە ئىشلەنگەن ناخشىلار ئىنتايىن كۆپ ۋە ناھايىتى مول. مانا مۇشۇنداق مول داستان ناخشىلىرى كېيىنكى كۈنلەردە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىغا قوبۇل قىلىنىپ، ئۇنى شەكىللەندۇرۇش ۋە بېيىتىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. بىزگە مەلۇم، ئون ئىككى مۇقام تەركىبىدىكى ھەر بىر مۇقام «نەغمە»، «داستان» ۋە «مەشرەپ»تىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ناخشا - كۈيلىرى مانا شۇ ئۈچ قىسمىنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرايدۇ. ئەمما «داستان»قىسمىدا ئەڭ كۆپ ئورۇن ئالغان، يەنى مۇقامنىڭ «داستان»قىسمى ئەمەلىيەتتە خەلق داستانلىرىنىڭ ناخشىلىرىنى ئاساس قىلىپ شەكىللەنگەن. شۇڭا، مۇقامنىڭ بۇ قىسمى «داستان قىسمى» دەپ ئاتالغان. ئون ئىككى مۇقامنىڭ يېڭى رەتلەنگەن نۇسخىسىدا ⑧ خەلق داستانلىرىدىن قوبۇل قىلىنغان شېئىرلاردىن 812 مىسرا بار. ئۇ پۈتكۈل مۇقام تېكىستىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ، مۇقامنىڭ بەشتىن بىر قىسمى خەلق داستانلىرىدىن ھاسىل بولغان دېگەن سۆز. مۇقامغا 13 خەلق داستانىدىن جەمئىي 42 ناخشا كىرگۈزۈلگەن. «غېرىب - سەنەم»دىن 15، «يۇسۇپ - ئەھمەد»، «سەنۇبەر»لەرنىڭ ھەربىرىدىن بەش، «شاھزادە فەررۇخ ۋە مەلىكە گۈلرۇخ»تىن تۆت، «ھۆرلىقا - ھەمراجان»دىن ئۈچ، «شاھزادە نىزامىدىن ۋە مەلىكە رەئنا»، «يۇسۇپ - زۇلەيخا»لارنىڭ ھەر بىرىدىن ئىككى، «تاھىر - زۆھرە»، «گۆلشاھ - ۋەرەقە»، «شاھزادە دىلدار ۋە مەلىكە مېھرىلقا»، «قەمەر شاھ ۋە شەمسى جانان»، «بەھرام - دىلئارام»، «پەرھاد - شېرىن» قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن بىردىن ناخشا كىرگەن. دېمەك، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئون ئىككى مۇقامنىڭ تېكىستى ۋە ئاھاڭ - كۈيلىرىدە زور سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇ كلاسسىك مۇقاملىرىمىزنى شەكىللەندۇرۇشتە غايەت زور رول ئوينىغان.

***4. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى قۇتقۇزۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى***

نۆۋەتتە، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەتنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىگە جىددىي ئەھمىيەت بېرىلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئون ئىككى مۇقامىمىز بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن «ئىنسانىيەت غەيرىي ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى»دەپ بېكىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئون ئىككى مۇقام پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مىراس قاتارىغا كىردى. ئەلۋەتتە، بۇ بىزنىڭ شان - شەرىپىمىز. ئۇنى قۇتلۇقلاشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن بىزنىڭ قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيىتىمىز يالغۇز ئون ئىككى مۇقام بىلەنلا تۈگەپ قالمايدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيىتى ناھايىتى كۆپ ۋە رەڭگا - رەڭ. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. بىز غەيرىي ماددىي مەدەنىيەتنى قوغداش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىلىۋاتقان مانا مۇشۇنداق چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى توپلاش، رەتلەش، ساقلاش، ۋارىسلىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئالدى

بىلەن ئىشلەش كېرەك:

1. خەلق داستانلىرىنىڭ تولۇق ۋە مۇكەممەل نۇسخىسىنى رەتلەپ، نەشر قىلىش كېرەك. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ھازىرغىچە 100 پارچىدىن ئارتۇق ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئېلان قىلىندى. بىراق، بۇ داستانلار خىلمۇ خىل كىتاب ۋە ژۇرناللارغا چېچىۋېتىلگەن. بىز مانا شۇ ھەرقايسى كىتاب ۋە ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان بارلىق داستانلارنى، شۇنىڭدەك تېخى ئېلان قىلىنمىغان، قولىيازما تەرىقىسىدە ياكى ئاغزاكى شەكىلدە ساقلىنىۋاتقان داستانلارنىڭ ھەممىسىنى توپلاپ، خىلمۇ خىل ۋارىيانتلارنى بىر – بىرىگە كىرىشتۈرۈش ئاساسىدا، ھەر بىر داستاننىڭ ئۆلچەملىك نۇسخىسىنى تىكلىشىمىز ۋە ئۇلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ نەشر قىلىشىمىز كېرەك.

2. خەلق داستانلىرىنىڭ مۇزىكىسىنى توپلىشىمىز كېرەك. مەلۇمكى، داستان مەسلىسى يالغۇز ئەدەبىي تېكىست مەسلىسى ئەمەس. ئۇنىڭ شېئىرىي قىسمى مۇزىكا ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر بىر داستاننىڭ خىلمۇ خىل ناخشىلىرى بار. بىز خەلق ئېغىزىدىكى مانا شۇ مول داستان ناخشىلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە نوتىغا ئېلىش خىزمىتىنى جىددىي تۇردە ئىشلىشىمىز كېرەك. ھازىرغىچە داستانلارنىڭ پەقەت تېكىستلا توپلاندى، مۇزىكىسى توپلانمىدى. بىز ئامالنىڭ بارىچە بارلىق داستان ئاھاڭلىرىنى تولۇق توپلىۋېلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇزىكا ساھەسىدىكى كەسپىي خادىملارنىڭ باش چۆكۈرۈپ ئىشلىشىگە توغرا كېلىدۇ.

3. خەلق ئارىسىدىكى داستانچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش لازىم. ئۇيغۇرلاردا ئۆز ۋاقتىدا داستانچىلىق پائالىيىتى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان، ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك مەشھۇر داستانچىلار بولغان. بۇ داستانچىلار ھەم داستان تېكىستىنى بىلىدىغان، ھەم ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئېيتالايدىغان، ھەم چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چالالايدىغان مەشھۇر سەنئەتكارلار ئىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خەلق ئېغىزىدىكى رىۋايەت – چۆچەكلەرگە ئاساسەن داستان ئىجاد قىلالايتتى، شېئىر يازالايتتى. يەنە بەزىلىرى شېئىرلارغا مۇزىكا ئاھاڭى ئىشلەپ، يېڭى – يېڭى ناخشىلارنى ئىجاد قىلالايتتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن، داستاننىڭ ۋەقەلىكىنى جانلىق، ئوبرازلىق، ھەرىكەتلىك بايان قىلىپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى چېلىپ تۇرۇپ، ناخشا ئېيتىپ، مۇڭلۇق ناخشىلىرى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى بايان قىلىپ، ئاڭلىغۇچىلارنى قاتتىق تەسىرلەندۈرەتتى. ئۇلار توي – تۆكۈن، ھېيت – بايراملاردا ۋە كوچا – رەستىلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىغا نەچچە يۈز ئادەمنى توپلىۋېلىپ، ئۇلارنى ھاياجانلاندۇرۇپ، قەلبىنى لەرزىگە سالاتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا داستانچىلىرىمىز ھەقىقىي ئىسمى – جىسمىغا لايىق خەلق سەنئەتكارلىرى ئىدى. بىز داستانلارنى ئۇلارنىڭ قاتنىشىشىسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. بىز بۈگۈنكى كۈندە داستانلارنىڭ تېكىستىنى توپلاپ كىتاب قىلىپ قويساق



ياكى مۇزىكىسىنى نوتىغا ئېلىپ قويساقلا بولمايدۇ، بۇخىل خىزمەتنى ھەرگىز داستانچىلىق پائالىيىتى دېگىلى بولمايدۇ. داستان پەقەت ئىجرا قىلىنغاندىلا ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ، پەقەت داستانچىلارنىڭ ئورۇندىشى بىلەنلا ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. شۇڭا بىز مەشھۇر داستانچىلارنىڭ داستان ئېيتىش ئۇسۇلى، داستانچىلىق سورۇنى، كىشىلەرنىڭ ئىنكاسى، داستانچىلىق پائالىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى فۇنكسىيىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشىمىز، ئۆگىنىشىمىز لازىم.

4. داستانلارنى تارىخىي نۇقتىدىن، ئېستېتىك نۇقتىدىن، دىنىي نۇقتىدىن، فولكلور نۇقتىسىدىن ۋە ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئۆگىنىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. ئۇ ھازىر ئېچىلمىغان بىر بوز پېتى تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ھال كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى چوڭ ـ چوڭ ۋەقەلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك داستانلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىي كۆزقاراشلىرى ئۇنىڭدا روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن. شۇڭا، ئۇنى مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى تەركىبىي قىسىملىرى نۇقتىسىدىن، كۆپ پەنلەر نۇقتىسىدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئوينىغان رولى، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ يازما ئەدەبىياتقا كۆرسەتكەن تەسىرى، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئون ئىككى مۇقامغا كۆرسەتكەن تەسىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. ھازىرغىچە مەملىكىتىمىزدە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ھەققىدە بىرەرمۇ ئىلمىي ئەسەر مەيدانغا كەلمىدى. بۇ كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

5. داستانچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش مەسىلىسىگە جىددىي ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى بىلەن داستانچىلىق پائالىيىتىمىز ئاستا ـ ئاستا يوقىلىشقا يۈز تۇتتى. ھازىر پەقەت خوتەن، قەشقەر ۋە قومۇلدىلا ئىنتايىن ئاز ساندىكى داستانچىلىرىمىز ساقلىنىپ قالدى. خوتەن قارىقاشتىكى شاھ مەمەت، ئابلىمىت قارى، تۇردى مەمەت، ئوبۇلھەسەن قارىم قاتارلىقلار ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەشھۇرلىرى. ئەگەر بىز مانا شۇنداق ئاز ساندىكى داستانچىلىرىمىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالساق، ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان چوڭ يوقىتىشقا ئۇچرايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز جىددىي تۈردە ھايات ياشاۋاتقان داستانچىلارنىڭ داستانچىلىق پائالىيىتىنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە، بىر تۈركۈم ياشلارنى تەربىيىلەشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. يەنى خۇددى ياش مۇقامچىلارنى تەربىيىلەپ چىققانغا ئوخشاش، ياش داستانچىلارنىمۇ تەربىيىلەپ چىقىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ داستان ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن سورۇن ھازىرلاپ بېرىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا داستانلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلغىلى، ئۇنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرغىلى، ساقلاپ قالغىلى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. بۇ، نۆۋەتتە بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغان تەخىرسىز خىزمەتتۇر. بىز بۇ ئىشتا قانچىلىك كېچىكسەك، كېيىن تۆلەيدىغان بەدىلىمىز شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

6. بىزنىڭ داستانلىرىمىز رەسساملىرىمىز ۋە مۇزىكانتلىرىمىز تەرىپىدىن، كىنو ـ تېلېۋىزىيە رېژىسسورلىرى تەرىپىدىن پايدىلىنىشى، داستانلىرىمىزدىكى ئوبرازلار ئۇلار تەرىپىدىن بىۋاستە ئوبرازغا ئايلىنىشى كېرەك ئىدى. رەسساملىرىمىز داستانلاردىكى پېرسوناژلارنى، ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى رەسىم ئارقىلىق ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى بىۋاستە سېزىمگە ئىگە قىلىشى كېرەك ئىدى. داستانلىرىمىزنىڭ مۇزىكا ئاھاڭلىرى كومپوزىتورلىرىمىز تەرىپىدىن ئۆگىنىلىشى، ئۇلارنىڭ مۇزىكا ئىلھامىنى قوزغىشى كېرەك ئىدى. كومپوزىتورلىرىمىز داستانلارنىڭ ۋەقەلىكىگە ئاساسەن خۇددى فىنلاندىيىنىڭ «كالېۋالا» سىمفونىيىسى، خەنزۇلارنىڭ لياڭشەنبو بىلەن جۇ يىڭتەي سىمفونىيىسىگە ئوخشاش سىمفونىيىلەرنى ئىشلىشى كېرەك ئىدى. رېژىسسورلىرىمىز داستانلارنى قايتىدىن رەتلەپ، ئۆزگەرتىپ ۋە يېڭىلاپ سەھنە ۋە ئېكرانلىرىمىزغا ئېلىپ چىقىشى كېرەك ئىدى. مۇشۇ ئارقىلىق نەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى قايتىدىن نۇرلاندۇرۇشىمىز، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان مىراسقا

ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك ئىدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى يۈكسەك ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بىر خىل سەنئەت شەكلى. ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك يازما ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدىن كېيىنكى يەنە بىر زور مەدەنىيەت بايلىقىمىز -دۇر. بىزنىڭ بۇ زور مەنىۋى بايلىقىمىز ھۆكۈمىتىمىزنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە پات يېقىندا قايتىدىن نۇرلىنىدۇ.

ئىزاھلار:

① «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى - ئوغۇزنامە»، گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپلار نەشرگە تەييارلىغان. مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 - يىل 11 - ئاي نەشرى.

② «چىن تۆمۈر باتۇر»، ئابدۇكېرىم راخمان نەشرگە تەيـ-يارلىغان «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

③ غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى» 1 - قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2004 - يىل 7 - ئاي نەشرى، 315 -، 316 - بەتلەرگە قاراڭ.

④ مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا قاراڭ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

⑤ رابغۇزى: «قىسسەسۇل ئەنبىيا»غا قاراڭ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 - يىل 10 - ئاي 2 - نەشرى. رابغۇزى: «يۈ-سۈپ - زۇلەيخا» داستانىغا قاراڭ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1982 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

⑥ بۇ ھەقتە «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى»ناملىق كى-تابنىڭ 84 -، 89 - بەتلىرىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن. قازا-قىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، ئالمۇئاتا نائۇكا نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

⑦ بۇ ئۈچ پارچە كىتاب مۇنۇلار: ئابدۇكېرەم راخمان: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل 8 - ئاي نەشرى. ئوسمان ئىسمايىل: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ژانىرلار»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1994 - يىل 5 - ئاي نەشرى. مۇھەممەتجان سادىق: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

⑧ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»، جۇڭگو قامۇس نەشرىيا-تى، 1997 - يىل 12 - ئاي نەشرى.

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا.

MIRAS

## 15 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» تارقىتىش يىغىنى ئېچىلدى

15 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنى 2006 - يىل 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى غۇلجىدا ئېچىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۇرەش مەخسۇت يىغىنغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىندا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئىسمائىل ئەھمەد، ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋە ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ تەبرىك خېتى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

بۇ يىغىن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئېچىلدى.

يىغىندا ھېيتەم ھۇسەيىن، مەمتىمىن ھوشۇر، ئەختەم ئۆمەر، ئەكرەم ئابدۇمىجىت، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، ئابدۇللا سۇلايمان، نۇرنىسا باقى قاتارلىق 38 كىشىنىڭ «بىزدىكى ئىسراپچىلىق»، «ئېسىڭدىمۇ غېرىب - سەنەم ياشىغان يىللار»، «ئۇيغۇر ئالىملىرى»، «كەلمەكتە باغلارنى يېتەكلەپ باھار»، «قاشتېشى ئويمىلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرى ھەققىدە»، «ئاتاقلىق مۇقامچى كارۇشاڭ ئاخۇنۇم» قاتارلىق ئەسلىمە، شېئىر، پوۋېست، ھېكايە، تارىخىي ئوچېرك، ماقالىلەر «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا؛ «تارىم» ژۇرنىلى باش مۇھەررىرى ياسىن زىلال، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى باش مۇھەررىرى پولات ھېۋىزۇللا، «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىدىن ئابلىز قېيىيۇم، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى باش مۇھەررىرى شاكىرجان ئىلاجى «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى مۇنەۋۋەر باش مۇھەررىر مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
















# گۈزەل قىش مەنزىرىلىرى











ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى

# مەھمۇد چايلىرى







مەھمۇد چايلىرى دۇبەي ئالتۇن كايا گۇرۇھى سىرىلانكىدىن چاي خام ماتېرىياللىرىنى ئىمپورت قىلىپ، ئۇنى زامانىۋى ئىلغار پەن-تېخنىكا ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلەپ، ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىگە سۇنغان ئېسىل سوۋغىسىدۇر. مەزكۇر چاي ھازىر 70 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندا سېتىلماقتا.

25 يىللىق تارىخقا ئىگە مەھمۇد چايلىرى خۇشپۇراق ھەم ئۆزگىچە ئېسىل تەمى بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

شىنجاڭ سابا خەلقئارالىق سودا چەكلىك شىركىتى مەھمۇد چايلىرىنىڭ جۇڭگودىكى باش ۋەكالەتچىسى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ چاينى ئىستېمال قىلىش ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. مەھمۇد چايلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، مېۋە تەملىك چايلاردىن-ئالما، ئاپېلسىن، شاپتۇل، گىلاس، قارىقات، بۆلجۈرگەن، ئۈزۈم تەملىكلىرى؛ ئىسسىقلىق دورىلىق چايلاردىن-لاچىندانە، كېنەز چايلىرى يەنە ئەتكەن چايغا باب كېلىدىغان قىزىل چاي قاتارلىقلار بار. مەھمۇد چايلىرى تەركىبىدە ئادەم بەدىنىگە پايدىلىق بولغان ماددىلار بولۇپ، ۋىتامىننى تولۇقلاش، بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ھەممە مەھمۇد چايلىرى ئېسىل سوۋغات بولۇپلا قالماي يەنە سەپەردە ئىستېمال قىلىشقىمۇ قولايلىق. ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىدە ۋەكالىتەن سېتىش ئورۇنلىرى بار. سىزنىڭ تاللاپ سېتىۋېلىشىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.



**شىنجاڭ سابا خەلقئارالىق سودا چەكلىك شىركىتى**

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شىنخۇا شىمالىي يولى 108 - نومۇر قىزىلتاغ بېغى
ئەسىر بىناسى 34 - قەۋەت تېلېفون 0991 8555537